« جوڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى » دىكى نەشرىي ئەپكار
« شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى » غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار

入选《中国期刊方阵》的刊物
荣获《新疆期刊奖》的刊物

• XINJIANG CULTURE • СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА • シンキョウ ブンカ • مجلة حضارة شنجيانغ •



2017.3

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

ISSN 1008-6498

# 新疆文化

# جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزالىرىنىڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش كۇرسىدىن كۆرۈنۈشلەر




شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يولداش تيەن ۋېن مۇھىم سۆز قىلماقتا








يىغىن مەيدانىدىن كۆرۈنۈش





مۇزاكىرە يىغىنىدىن كۆرۈنۈش




تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى: مۇختار مەخسۇت (ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ سابىق نازىرى)

تەھرىرات باشلىقى، دائىمىي مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: بەگمەت يۈسۈپ (ئالىي مۇھەررىر)


# شۇئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئۇقۇشچانلىق

# 2017.3

(ئومۇمىي 345 ـ سان)


شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى باشقۇرىدۇ

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت تەتقىقات ئورنى چىقىرىدۇ

ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

**ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكتىن ئىبارەت باش نىشاننى زىچ چۆرىدەپ، مەدەنىيىتى يۈكسەلگەن شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى!**

# بۇ ساندا


## دادىل ئۇتتۇرىغا چىقىپ، ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرۈش

باش نىشان بايرىقىنى جەۋلان قىلدۇرۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنىۋى ماكانىنى قوغدايلى ........................ مۇختار مەخسۇت (3)

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى چىن دىلىمىزدىن قوغدايلى، يۇرت ـ ماكانىمىزنى سادىقلىق بىلەن ئورتاق قوغدايلى ........................ دىلشات پەرھات (5)

ئىدېئولوگىيە ساھەسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش مۇھىم مەسئۇلىيىتىم ........................ بەگمەت يۈسۈپ (7)

## «بىر بەلباغ، بىر يول»

«بىر بەلباغ، بىر يول» پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى ........................ ئەكبەر غۇلام (9)

## ئىزدىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش

باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشى شۇنچە مۇھىممۇ ................ تۇرسۇنمۇھەممەد توختى (13)

## تەرجىمە كۆزنىكى

«تىلماچلار چايخانىسى»دىكى پاراڭلار ...... مۇسا ئەخمەت، شەمسىنۇر تۇرغۇن زىلتار (ت) (29)

## سەھرادىكى ھېكايىلەر

كۆز مونچاق ئاسىدىغان قىز ............. (ھېكايە) ...... ئابدۇراخمان ئەزىز ئوغلى (42)

سۈزۈك ئېقىن ............. (ھېكايە) ............. تۇرغۇن مىجىت (51)

## سەنئەت تەتقىقاتى

مىللىي ئۇسلۇبتا ناخشا ئېيتىش ۋە ئۇنى ياۋروپا ئۇسلۇبى بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ھەققىدە ........................ ئايەتگۈل نىياز (61)

شىنجاڭ دېھقانلار رەسىمىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا ...... ئەسقەر تۇردى (63)

راۋابنىڭ ئۇيغۇر چالغۇلىرى ئىچىدىكى ئورنى ................ ئۆمەر سىيىت نىياز (66)

## مەدەنىيەت مەشئەلچىلىرى

«قومۇل ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ تېكىستلىرى ۋە ئېلى ئىسمائىل ... بەگمەت يۈسۈپ (68)

## تەپەككۇر كۆزى

تەپەككۇر مېۋىلىرى ........................ ئابلەت روزى (76)

## مەدەنىيەت ـ سەنئەت خەۋەرلىرى

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزالىرىنىڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش كۇرسى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى ........................ (78)


مۇقاۋىدا: مۇقام سەنئەتكارى، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تەتقىقاتچىسى، ئاتاقلىق خەتتات ئېلى ئىسمائىل ئەپەندى (تەپسىلاتى 68 ـ بەتتە)


## شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(66 ـ يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

بۇ ساننىڭ تەكلىپلىك مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرېداكتورى:

**ئايگۈل ئەمەت**

(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

ژۇرنىلىمىزنىڭ قانۇن مەسلىھەتچىسى:

**ئابدۇرېشىت مىجىت ئاقيار**

(ئادۋوكات)


www.uyghurkitap.com

# باش نىشان بايرىقىنى جەۋلان قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنىۋى ماكانىنى قوغدايلى



ئوبۇلقاسىم مەتتۇرسۇن يازغان «ئۇيغۇر قېرىنداشلارغا خىتاب»تا پارتىيە ۋە دۆلەتكە بولغان چەكسىز قىزغىن مۇھەببەت ۋە مىننەتدارلىق ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن بولۇپ، «ئۈچ خىل كۈچ»كە قارشى كۈرەش قىلىش جەڭگىۋار ساداسى ياڭرىتىلغان. ئۇزاقتىن بۇيان پارتىيەنىڭ تەربىيەسىدە يېتىلگەن پارتىيەلىك ئۇيغۇر رەھبىرىي كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرى بىلەن بىرلىكتە باش نىشان بايرىقىنى جەۋلان قىلدۇرۇپ، مەيدانىمنى مۇستەھكەملەپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممەمگە ئېلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنىۋى ماكانىنى قەتئىي قوغداش مەسئۇلىيىتىم ۋە مەجبۇرىيىتىم بار.

دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر دىنىنى دەستەك قىلىپ، دىن ئەقىدىلىرىنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئۇيغۇر ئاممىنىڭ ئۆرپ-ئادىتى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى پەيدىنپەي چىرىتىپ، شىنجاڭنىڭ بىر پۈتۈن كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت ئەندىزىسىنى پارچىلاپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تونۇش كىرىزىسىنى قەستەن پەيدا قىلىپ، ئۇيغۇر ئاممىنىڭ يادرولۇق قىممەت قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى بۇزغۇنچىلىق قىلىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى. بىز مەدەنىيەت سېپىدىكى ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئاڭلىق ھالدا سالاھىيىتىمىزنى بىلدۈرۈپ، كۆز قارىشىمىزنى ئىپادىلەپ، بۆلگۈنچى كۈچلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.

بىرىنچى، باشتىن-ئاخىر سەگەك سىياسىي كاللا ۋە يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەتنى ساقلاپ، ئىدىيەۋى، سىياسىي ئاساسنى پۇختىلاپ، ئىدىيەۋى-سىياسىي مۇداپىئە لىنىيەسىنى مۇستەھكەملىشىمىز؛ ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي تەۋرەنمەي قوغداپ، پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشىمىز؛ «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلاپ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئومۇمىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

## دادىل ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرۈش

www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى، ئىدىيولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش قىلىش مەسئۇلىيىتىمىزنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن دادىل زىممىمىزگە ئېلىپ، ھەر خىل خاتا ئىدىيەنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقىمىز؛ تار مىللەتچىلىك ئېڭىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلماي، ئالدىدا بىر خىل، كەينىدە بىر خىل بولىدىغان، كۆرۈنۈشتە بويسۇنغان بولۇپ، ئاستىرتىن خىلاپلىق قىلىدىغان «ئىككى يۈزلىمچى»لەرنى ماھىرلىق بىلەن پەرقلەندۈرۈشىمىز؛ «مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز» دەپ كارى بولمايدىغان «ياخشىچاق بولۇش» ئىدىيەسىنى قەتئىي يېڭىپ، «بىر كۆزىنى قىسىۋالىدىغان» پاسسىپ ئىستىلنى قەتئىي تۈگىتىشىمىز؛ مۇجمەل تونۇشتىن ساقلىنىپ، ھەق-ناھەقنى دادىل پەرقلەندۈرۈپ، خاتا ئىدىيەگە قارشى دادىل ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتە ئاڭلىق باشلامچى بولۇشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچى، بىر پۈتۈن كۆپ مەنبەلىك جۇڭخۇا مەدەنىيىتى قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، مەدەنىيەت شەكلى ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىنى «بەش تونۇش»، «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئىدىيەسىنى كۈچەيتىش، «شىنجاڭنىڭ ئۈچ تارىخى»نى چۈشىنىشكە يېتەكلىشىمىز ۋە تەربىيەلىشىمىز؛ مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، ئارىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ۋە جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى يېتىلدۈرۈپ، خەلقنىڭ مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى مەڭگۈلۈك مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ قىلىشىمىز؛ مەدەنىيەتنىڭ كۈچى ئارقىلىق دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ سىڭىپ كىرىشى ۋە ھۇجۇمىنى بىتچىت قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى تىنچ، خاتىرجەم، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك.

---

(بېشى 62-بەتتە)

مىللىي ئۇسلۇب بىلەن ياۋروپا ئۇسلۇبىنى بىرلەشتۈرۈپ ئاۋاز مەشقى قىلىش ۋە ناخشا ئېيتىشتا تۆۋەندىكى پرىنسىپلارغا ئېتىبار بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ:

1. پۈتكۈل تاۋۇش دائىرىسىدە ئاھاڭ توغرا، رەڭدار، رىتىملىق، قۇلاققا ياقىدىغان بولۇشى كېرەك.

2. ناخشا ئېيتقاندىكى شەكىل بىلەن نەپەس ئېلىش يەڭگىل بولۇشى كېرەك.

3. تاۋۇشلارنىڭ قانۇنىيىتىگە دىققەت قىلىپ، قاتتىق تاۋۇش بىلەن ياكى يۇمشاق تاۋۇش بىلەن باشلىنىشىغا ئوخشاشلا مەسئۇلىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك.

4. ئۆزىگە، ئۆزىنىڭ ئاۋاز تۈسىگە ماس كېلىدىغان ناخشىنى تاللاش كېرەك.

5. ناخشىدىكى ھېسسىيات ئېنىق بولۇشى، سۆزلەرنىڭ ئىپادىلىنىشى توغرا بولۇشى كېرەك.

6. ئاۋاز مەشقى قىلىشتا توغرا ۋە ئىلمىي ئۇسلۇب بىلەن مەشىق قىلىش كېرەك.

7. يۇقىرى تۆۋەن تاۋۇشلارنىڭ مەزمۇن ساپلىقىغىمۇ كېپىللىك قىلىش كېرەك.

8. ئاۋاز سەنئىتىنى ئۆگىنىشتە نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى تەڭ ئۆگىنىش، ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

ناخشا ئېيتىشتىكى ئىلمىي قانۇنىيەتلەرگە رىئايە قىلىش ياخشى ناخشىچى بولۇشتىكى مۇھىم پرىنسىپتۇر. ياخشى ناخشىچى بولۇش داڭلىق ناخشىچى بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر، داڭلىق ناخشىچىلار ناخشا سەنئىتى غەزىنىمىزدىكى قىممەتلىك بايلىقتۇر، مۇشۇنداق بايلىققا كۆپلەپ ئىگە بولغاندىلا خەلقىمىزنىڭ زامانىغا لايىق سەنئەت ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى ۋە دۇنياۋى سەنئەتكارلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ ئىنسانىيەتنىڭ سەنئەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. مانا بۇ نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر ناخشىچىلىرىمىزنىڭ ئورتاق ئارزۇسى.

---

ئاپتور: قومۇل ۋىلايەتلىك ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىدە

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى چىن دىلىمىزدىن قوغدايلى، يۇرت - ماكانىمىزنى سادىقلىق بىلەن ئورتاق قوغدايلى

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى سەنئەت باشقارمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىسى،
شىنجاڭ سەنئەت تەتقىقاتخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تەتقىقاتچى دىلشات پەرھات

مەن ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان، مېنىڭ نەزەرىمدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت قېرىنداشلار خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىگە ئوخشاش، شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئائىت ئىش - ئىزلار ناھايىتى كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىش - ئىزلار كىشىنى تولىمۇ تەسىرلەندۈرىدۇ ھەم تولىمۇ قىممەتلىك. مەن يەسلىدىن تارتىپ دۆلەت تىلىدا تەربىيە ئالغان. مېنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىمنى پارتىيەنىڭ تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشىدىن، خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. مەن ھەر قېتىم ئوقۇتقۇچىلىرىمنى ئەسلىگىنىمدە ئىختىيارسىز تەسىرلىنىمەن، ھاياجانلىنىمەن، ئۇلاردىن مىننەتدار بولىمەن. مېنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ رېئال كارتىنىسىدۇر.

يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» ۋەتەننى پارچىلاشتەك رەزىل مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن «مىللەت»، «دىن» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىپ، مىللىي ئۆچمەنلىككە قۇترىتىپ، مىللەتلەر ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ، تەپ تارتماستىن «غازات يولدا شېھىت بولغانلار جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەن سەپسەتىنى ھە دەپ تەرغىب قىلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنى زەھەرلەپ، ئالداپ ۋە قۇترىتىپ، قەبىھ ئۇسۇلدا ئاتالمىش «غازات» قىلىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق جەمئىيەتنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە زور زىيان سالدى. بىز مىللىي بۆلگۈنچىلىككە، دىنىي ئەسەبىيلىككە، زوراۋانلىققا ۋە تېررورلۇققا قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز، «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ رەزىل غەرىزىنى پاش قىلىشىمىز، «ئۈچ خىل كۈچ»كە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. «ئۈچ خىل كۈچ» جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى. بىز مىللىي بۆلگۈنچى كۈچكە، دىنىي ئەسەبىي كۈچكە، زوراۋانلىق، تېررورلۇق كۈچلىرىگە قاتتىق نەپرەتلىنىمىز، ئۇلۇغ ۋەتەننى، تىنچلىقنى، ئىتتىپاقلىقنى، خاتىرجەم، بەختىيار تۇرمۇشنى سۆيىمىز.

ئاپتونوم رايونىمىزدا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش كۈرىشىنىڭ

uyghurkitap.com

چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، بىر ئوچۇم «ئىككى يۈزلىمچى»لەر ئۆزىنى ئاشكارىلاشقا باشلىدى، «ئۈچ خىل كۈچ»كە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدىكى چوڭ ھەق - چوڭ ناھەق مەسىلىسىدە ئۇلارنىڭ پوزىتسىيەسى مۇجمەل، تىلى بىلەن دىلى بىردەك ئەمەس، ئۇلار ھەتتا «ئۈچ خىل كۈچ» بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، بىر قازاندا قاينايدۇ، ئۇلار ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى قوغداش جەريانىدىكى زوراۋان - تېررورچىلاردىنمۇ خەتەرلىك، زەھەرلىك ھەم زىيىنى تېخىمۇ چوڭ، تېخىمۇ ئۇزاققىچە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلاردۇر.

سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئالالايدىغان پارتىيەلىك كادىرلار قوشۇنى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش كۈرىشىدە غەلىبە قىلىشىنىڭ كۈچلۈك كاپالىتى. «ئۈچ خىل كۈچ»كە قارشى تۇرۇش كەسكىن كۈرىشىدە پارتىيەلىك كادىرلار سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، باشلامچى بولۇشىمىز كېرەك. ئەگەر پارتىيەلىك كادىرلار ئارىسىدىن تىلى بىلەن دىلى بىردەك ئەمەسلەر، «ئىككى يۈزلىمچى»لەر، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى پىلانلىغۇچى «قارا قول»لار چىقىپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىككە سالىدىغان زىيىنىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. ئەگەر رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدىن «ئىككى يۈزلىمچى»لەر چىقسا، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداشتىكى تۈرلۈك تەدبىرنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرگىلى، كەم - كوتىسىز ئىجرا قىلغىلى بولمايدۇ، ھەتتا ئىش تەتۈرگە يېنىش خەۋپى كۆرۈلىدۇ؛ ئەگەر مەدەنىيەت قوشۇنىدىن «ئىككى يۈزلىمچى» لەر چىقسا، ئىدېئولوگىيە ساھەسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، مۇقىملىق خىزمىتىدە تېخىمۇ ئېغىر زىيان پەيدا قىلىدۇ؛ ئەگەر سىياسىي - قانۇن قوشۇنىدىن «ئىككى يۈزلىمچى»لەر چىقسا، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ ھەرىكەت كۈچى، جەڭگىۋارلىقى زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ، جىنايەتچىلەر قانات ئاستىغا ئېلىنىپ، ئادىللىق ۋە ھەققانىيلىق ئەۋج ئالالمايدۇ؛ ئەگەر ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئارىسىدىن «ئىككى يۈزلىمچى»لەر چىقسا، ئاممىنى يېتەكلىگىلى، ئاممىنى ئىناقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، مۇقىملىقنى قوغداشقا باشلىغىلى بولمايدۇ، «ئاساسىي قاتلامنى كۈچەيتىش، ئاساسنى پۇختىلاش»مۇ قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ زور كۈچىنى مۇجەسسەملەش تېخىمۇ تەسلىشىدۇ.

بىز پارتىيەلىك ئۇيغۇر كادىرلار پارتىيەگە سادىق، پاك بولۇشىمىز، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىمىزگە ئالالايدىغان زېرەك، سەممىمىي ئادەملەردىن بولۇشىمىز كېرەك. شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى قوغداش خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىسى ئېغىر، مۇساپە ئۇزاق، بىز ھەر مىللەت قېرىنداشلار ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشىمىز، «ئۈچ خىل كۈچ»، «ئىككى يۈزلىمچى»لەرگە قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۆرەش قىلىشىمىز، «ئۈچ خىل كۈچ» ۋە «ئىككى يۈزلىمچى»لەرنى قەتئىي تولۇق يوقىتىشىمىز، بىر جۈپ ئەمگەكچان قولىمىزغا تايىنىپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئۈچۈن تېخىمۇ بەختىيار كېلەچەك يارىتىشىمىز كېرەك.

**بۇ ساندىكى ئەسەرلەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر: ئىمىن ئەخمىدى، ئابلەت نۇردۇن.**



بەگمەت يۇسۇپ

# ئىدېئولوگىيە ساھەسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش مۇھىم مەسئۇلىيىتىم

مەن شىنجاڭدا ياشاۋاتقان، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئۇيغۇر زىيالىيسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغداش ۋەزىپەم بار.

ئۇزاق يىل ژۇرنالچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش داۋامىدا شۇنى دائىم ئېسىمدە چىڭ تۇتتۇمكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدىلا سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتى توغرا ھەل قىلىنىپ، مىللەتلەر ئىناق ئائىلىسىنى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ. مىللەتلەرنىڭ ئىناق ئائىلىسىدىلا يېڭى دەۋرگە ماسلاشقان ئورتاق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق تەرەققىي قىلغاندىلا زامانىۋى، مەدەنىي تۇرمۇشقا ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چىن يۈرىكىدىن ئارزۇ قىلىدىغان «جۇڭگو ئارزۇسى». «جۇڭگو ئارزۇسى» ئەمەلگە ئاشقاندىلا كۈچلۈك، گۈللەنگەن دۆلىتىمىزنىڭ ئىللىق قوينىدا خاتىرجەم، بەختلىك ياشىغىلى بولىدۇ.

تارىخقا نەزەر سالساق، ھەرقانداق مىللەت بۆلۈنۈش، پارچىلىنىشتىن پايدىغا ئېرىشكەن ئەمەس، بەلكى پاسسىپلىق ئىچىدىكى خارلىق، ئىناقسىزلىق ئىچىدىكى سەرسانلىقتىن باش كۆتۈرەلىگەن ئەمەس.

مەن يېڭى دەۋردە تۇغۇلغان، بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق ئاستىدا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغىچە بولغان ئىلىم ئۆگىنىش جەريانىدا خاتىرجەم ئۆسۈپ يېتىلگەن. نەۋقىران چاغلىرىم پارتىيەنىڭ ئاخبارات - نەشرىياتچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش داۋامىدا ۋايىغا يەتكەن. ھەق - ناھەق قارىشىم ئايدىڭ، ئاق - قارىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىم يۇقىرى، چۈنكى بۇ پاراسەتنى ماڭا ئىناق، خاتىرجەم خىزمەت شارائىتى ئاتا قىلغان.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» ھەدەپ قۇتراپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق، ئەسەبىيلىك ۋەقەلىرىنى تۇغدۇرۇپ، خەلقنىڭ ئىدىيەسىنى بۇرمىلاشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. گۈزەل شىنجاڭنىڭ كۆك ئاسمان، ئاپپاق بۇلۇتلۇق مۇھىتىدا قارا تۇمان پەيدا قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇ بىر ئوچۇم قارا نىيەتلەر شۇنى ئۇنتۇپ قالغانكى، ئىلغار مەدەنىيەت ئارقىلىق قوراللانغان خەلقىمىزنىڭ ئاڭ سەۋىيەسى ئاللىبۇرۇن ئۆستى، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تۇرلۇك ئىشلىرىمىزنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئەڭ چوڭ سىياسىي ۋەزىپىمىز، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۆز قارىچۇقىنى قوغدىغاندەك مۇھىم قوغداش نىشانىمىز. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، پارتىيەنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، باش نىشانىنىڭ تەلپىگە بويسۇنۇشنى، ئىشنى ئۆزىدىن، كىچىك ئىشلاردىن باشلاشنى ھەرىكەت قىبلىنەماسىگە ئايلاندۇرۇپ بولدى. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا دۈشمەن كۈچلەر بارغانسېرى يېتىم قېلىۋاتىدۇ. دەرۋەقە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى باش شۇجى شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، باش نىشان ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، باش نىشاننى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىدىغان ئۇلۇغ مۇساپىلىك كۈچلۈك قوشۇنغا ئايلاندى.

ھازىر ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەش ئىنتايىن كەسكىن، ۋەزىيەت جىددىي، پارتىيەنىڭ مەدەنىيەت تەشۋىقات خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن مەسئۇلىيىتىمنىڭ ئېغىر، بۇرچۇمنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماقتىمەن. باش مۇھەررىرلىكىمدە چىقىۋاتقان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى خەلقنى توغرا ئىدىيە بىلەن تەربىيەلەيدىغان، خەلقنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تەشەببۇس قىلىدىغان، تەشۋىق قىلىدىغان ئاۋانگارت بازىغا ئايلاندۇرۇش بىلەن بىللە، مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنى پارتىيە ۋە خەلق خاتىرجەم بولىدىغان تەرەققىيات - تەشۋىقات سەھنىسىگە ئايلاندۇرىمەن. پاسسىپ ئىدىيە، ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇن بولۇشىغا ھەرگىز پۇرسەت بەرمەيمەن. ژۇرنالنىڭ رەڭگارەڭ سەھىپىلىرى ۋە سەھىپىلەردە ئەكس ئەتكەن نادىر مەزمۇنلار ئارقىلىق دەۋر مېلودىيەسىنى ياڭرىتىپ، سەممىيلىك، ئىناقلىق، ئاق كۆڭۈللۈك ۋە گۈزەللىكنى مەدھىيەلەپ، «ئىككى يۈزلىمچىلىك»، رەزىللىك، پەسكەشلىك ۋە ساختىلىقلارنى ئېچىپ تاشلاپ، گۈزەل كېلەچەكنىڭ يورۇق يولىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە زېھنىمنى سەرپ قىلىمەن.


بىرىنچىدىن، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان شىنجاڭدا قولغا كەلگەن يېڭى نەتىجە، ئۆزگىرىشلەرنى تونۇپ يېتىپ، قەدىرلەپ ۋە تەشۋىق قىلىپ يېڭى دەۋرنىڭ ياخشىلىقىغا مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

ئىككىنچىدىن، سىياسىي سەزگۈرلۈكۈمنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، خاتا تەشۋىقات، خاتا ئىدىيەنىڭ ژۇرنال يۈزىدە سادىر بولۇشىغا قەتئىي يول قويمايمەن.

ئۈچىنچىدىن، مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت مۇقىم بولۇشتەك ئەۋزەل شارائىتنى قەدىرلەپ، «ئىتتىپاقلىق — بەخت، بۆلگۈنچىلىك — ئاپەت» ئىكەنلىكىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، خەلقنى ياخشى بىر تەشۋىقات قورالى بىلەن تەمىنلەشكە تىرىشىمەن.

تۆتىنچىدىن، ھەر دائىم ھوشيار بولۇپ، يالغان ئۇچۇر، يالغان تەشۋىقاتنىڭ سىڭىپ كىرىشى، ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ يامرىشىغا قەتئىي قارشى تۇرىمەن. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدىغان، مىللەتلەر - دىن سىياسىتىگە ھۇجۇم قىلىدىغان ئۇچۇرلارغا قارىتا دەل ۋاقتىدا تەنقىد قىلىدىغان، پاش قىلىدىغان ئەسەرلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، توغرا جامائەت پىكرىنى ھازىرلايمەن.

قىسقىسى، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى پارتىيەنىڭ شان - شەرىپىنى مەدھىيەلەيدىغان، دەۋرنىڭ ئەۋزەللىكىنى تەشۋىق قىلىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ناخشىسىنى ياڭرىتىدىغان، گۈزەل كېلەچەكنىڭ پارلاق يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئاۋانگارت سەھنىگە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشىمەن.



# «بىر بەلباغ، بىر يول» پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى

ئەكبەر غۇلام

ئۇيغۇرلار ساددا، ئاق كۆڭۈل، ئەمگەكچان، تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئۇزاق تارىخقا، پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە مىللەت. بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەدەبىياتنى قەدىرلەيدىغان، شېئىرنى قىزغىن سۆيىدىغان روھى ھەممىگە ئايان. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىنكى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ياكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. دۆلىتىمىزدە «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئارقىسىدا، مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىشلىرىنى يەنىمۇ گۈللەندۈرۈش ھەممە ئادەم ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغان زور ئىش بولۇپ قالدى. ئۇزاق يىللاردىن بۇيان جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات خىزمىتىنى ناھايىتى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، زور كۈچ بىلەن قوللاپ، كۆپ خىل يوللار، كۆپ خىل تەدبىرلەر ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ كەلمەكتە.

بولۇپمۇ ئالتە خىل يېزىقتا نەشر قىلىنىۋاتقان ژۇرنال «مىللەتلەر ئەدەبىياتى»غا 56 مىللەت يازغۇچىلىرى، تەرجىمانلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە يۈرەك قېنى، شۇنىڭدەك «مىللەتلەر ئەدەبىياتى»دىكى نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلاش روھى مۇجەسسەملەنگەن. يۈكسىلىۋاتقان گۈزەل جۇڭگو، يۈكسىلىۋاتقان «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسى كۆپ مەنبەلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى تېخىمۇ كۆپ غەمخورلۇققا ۋە ياردەمگە ئېرىشتۈرمەكتە.

ئۇيغۇر يازغۇچىلار، تەرجىمانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، يەر شارلىشىش دولقۇنىدا قانداق قىلىپ

## «بىر بەلباغ، بىر يول»

مىللىتىنىڭ ئەجايىپ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش داۋامىدا يېڭىلىق يارىتىش، قانداق قىلىپ كۆپ خىل مىللىي مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مۇھاكىمە قىلىش ناھايىتى زۆرۈر.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۇزاق تارىخى ۋە شانلىق نەتىجىلىرى ھەققىدە كۆپ سۆزلىمەي تۇرايلى. ھازىر بىز تېخىمۇ بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە ئۆزىمىزدە قانداق يېتەرسىزلىكلەرنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقى، قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا قايسى تەرەپلەردە پەرقلەرنىڭ بارلىقى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىشتىن ئىبارەت. مەسىلەن: مەملىكىتىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيىتى بويىچە «تۇلپار مۇكاپاتى»دىن باشقا، مەملىكەت خاراكتېرلىك مۇكاپاتلارغا ناھايىتى ئاز ئېرىشتۇق. ھازىرمۇ پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇلغان باشلامچى يازغۇچىلىرىمىز بەك ئاز. بەزىلەر ھازىر ئۇيغۇرلاردىمۇ ئۇلۇغ يازغۇچىلار ۋە ئەسەرلەر بار، پەقەت ياخشى تەرجىمانلارلا كەمچىل، دېيىشى مۇمكىن. مېنىڭچە مانا مۇشۇنداق ئېھتىماللىق ھەقىقەتەن مەۋجۇت، شۇنداقلا تېخىمۇ كۆپ مۇنەۋۋەر تەرجىمانلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى نادىر ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشىغا ھەقىقەتەن موھتاج بولۇۋاتىمىز. بىراق بۇ خىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى مىللىتىنىڭ ئەسەرلىرىنىلا ئەڭ ياخشى دەپ بىلىپ، دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرلەرنى ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ نادىر ئەسەرلىرىنى ئانچە ئوقۇپ كەتمەيدىغانلاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىجادىيەت سەۋىيەمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە تەرجىمە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يېڭى گۈللىنىش دەۋرىگە ئېلىپ بارالايمىز.

ئەدەبىي تەرجىمە مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۆزۈمنىڭمۇ ئاز - تولا ئەمەلىي تەجرىبىلىرىم بار. يېقىندا ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ مەن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان «تۇگمەس ناخشا» ناملىق شېئىرلار توپلىمى جۇڭگو يازغۇچىلار نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

تېيىپجان ئېلىيېف ۋەتەن تۇپرىقىنى ئۆز جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرگەن كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىغا ئىگە شائىر. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئاممىباب، گۈزەل، چىن، چۈشىنىشلىك بولۇپ، شېئىرلىرىدا ۋەتەنگە بولغان ئوتلۇق سۆيگۈسى، ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىگە بولغان سۆيۈنۈشى ۋە چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشى ئىپادىلەنگەن. نۆۋەتتە بىزنىڭ يازغۇچى، شائىر، تەرجىمانلىرىمىز چوقۇم باشلامچىلىق بىلەن بايرىقى روشەن ھالدا ۋەتەنگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتى ۋە ساداقىتىنى ئىپادىلەپ، ھەر مىللەت خەلقىنى توغرا بولغان دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى، دىن قارىشى، تارىخ - مەدەنىيەت قارىشى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەپ، ۋەتەنگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتى ۋە ساداقىتىنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى قوغداش جەريانىغا سىڭدۈرۈشى كېرەك.

بەزىلەر شېئىرنى تەرجىمە قىلماق بەك تەس، ھەتتا تەرجىمە قىلغىلى بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ھەقىقەتەن شۇنداق، شېئىردا بەزى مىسرالارنى تەرجىمە قىلغىلى بولمايدۇ. تەرجىمە جەريانىدا ئىمكانقەدەر تەرجىمىنى تەرجىمە قىلىنغان تىلدىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوقۇش ئادىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش كېرەك. ھەر بىر مىللەتنىڭ شېئىرلىرىدا نۇرغۇن مۇقىمسىز ئاملىلار ۋە كۆپ خىل مەنىلەر بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھەر بىر ئادەمنىڭ شېئىرنى چۈشىنىشى ئوخشاش بولمايدۇ. بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىماگ، تەمسىل، سىمۋوللارنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە چۈشىنىپ، ئاندىن ئوقۇرمەنلەر چۈشىنەلەيدىغان ھالەتتە تەرجىمە قىلىش كېرەك. مەن تەرجىمە جەريانىدا ئامال بار ئەسلىي

ئەسەرنىڭ جەۋھىرىنى ساقلاپ قېلىپ، ئەسەرنى ھەم ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوقۇش ئادىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرىمەن ھەم باشقا مىللەت ئوقۇرمەنلىرىنىڭمۇ ئوقۇش ئادىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرىمەن ياكى يېقىنلاشتۇرىمەن.

يېرىم ئەسىر ئىلگىرى، بىزنىڭ پېشقەدەم تەرجىمانلىرىمىز «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «لياۋجەي رىۋايەتلىرى» قاتارلىق كلاسسىك ئەسەرلەرنى ۋە لۇشۈن، باجىن قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغاندى. تەرجىمە قىلغاندىمۇ ناھايىتى پاساھەتلىك، راۋان، تەبىئىي تەرجىمە قىلغان بولۇپ، ئوقۇغانسېرى كىشىنى جەلپ قىلىدۇ ۋە ھۇزۇرلاندۇرىدۇ. تۈركىيەلىكلەر «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىنى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىگە ئاساسەنلا تەرجىمە قىلغاندى. بىز پېشقەدەم ئەدەبىي تەرجىمانلىرىمىزدىن پەخىرلىنىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئانا تىلىمىزدا يېزىلغان نۇرغۇن نادىر ئەسەرلىرىمىز بار. بىز تەخىرسىزلىك تۇيغۇمىز بىلەن بۇ ئەسەرلەرنى خەنزۇ تىلى قاتارلىق تىللارغا تەرجىمە قىلىپ، مىللەتلەر ۋە كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىناق ئالماشتۇرۇشنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەرنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىدىغان تەرجىمانلىرىمىز يەنە خەنزۇ تىلى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە، ئەدەبىي تەربىيەلىنىش جەھەتتىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ. چۈنكى، تەرجىمە پۈتۈن زېھىن، ھېسسىيات بىلەن كىرىشىشنى تەلەپ قىلىدىغان خىزمەت. ئەگەر قايناق ھېسسىيات بىلەن تەرجىمىگە كىرىشمىگەندە، ئەسلى ئەسەرنىڭ مەنىسى تەرجىمە قىلىنغان بىلەن، پىكىر ۋە مەزمۇنى چولتا بولۇپ قېلىپ، جەلپكارلىقى سۇسلاپ كېتىدۇ. بىزنىڭ يازغۇچى، تەرجىمانلىرىمىز يەنە نەزەر دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىشى، كۆڭلى - كۆكسىنى يەنىمۇ كەڭ تۇتۇشى كېرەك. ئەدەبىي تەرجىمە جەريانىدا چوقۇم ئەسلى ئەسەرنى پىششىق ئوقۇشى كېرەك. ئەگەر ئەسلى ئەسەرنى چۈشىنىش يېتەرلىك بولمىسا تەرجىمىدە مەسىلە كۆرۈلۈشى مۇمكىن. پوزىتسىيەدە كەسكىن، ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، ئەسلى ئەسەر بىلەن تەرجىمە ئەسەرنى تەكرار سېلىشتۇرۇپ تۈزىتىشى كېرەك، ئەسلى ئەسەردىكى ئۇچۇرلارنى قوشۇشقا ياكى قىسقارتىۋېتىشكە بولمايدۇ.

ئەدەبىي تەرجىمە بىر خىل مۇرەككەپ قۇرۇلۇش. بەزى ۋاقىتلاردا تەرجىمان تەشەببۇسكارلىق بىلەن جانلىق ئىش كۆرۈشكە، ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشكە ئاساسەن ئەسلى ئەسەرنى زۆرۈر تەڭشەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل تەڭشەش تەرجىمانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەم ئۇنىڭ سۇبيېكتىپچانلىقىنىڭ نامايان قىلىنىشى، شۇنداقلا تەرجىمىگە بولغان مەسئۇلىيىتىنىڭ قارار تېپىشىدۇر. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ئەسلى ئەسەرنىڭ ئاپتورى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان روھىي دىيالوگتۇر.

بۈگۈنكى دەۋردە ئوقۇرمەنلەر تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتىگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويماقتا. شۇڭا، مەن ھازىرقى تەرجىمانلارنىڭ بۇرچى تەرجىمە ئەسەرلەر ئارقىلىق ئەسلى ئەسەردە زادى نېمە يېزىلغانلىقىنى ئوقۇرمەنلەرگە ئۇقتۇرۇشلا بولۇپ قالماستىن (ئادەتتە ئازراق ئەدەبىي خۇرۇچى بار ئوقۇرمەنلەر ئوخشىمايدىغان يوللار بىلەن ئەسلى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولىدۇ)، بەلكى ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى مۇمكىنقەدەر مۇكەممەل ھالەتتە ئوقۇرمەنلەر ئالدىدا نامايان قىلىش دەپ قارايمەن. بۇنىڭغا نىسبەتەن ئەدەبىي تەرجىمانلار كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، ئەدەبىي تەرجىمىسىنى ئېنىق

تونۇپ، تەرجىمە ئەسەرلەرنى ئەستايىدىل تۈزىتىپ، تەرجىمە سۈپىتىگە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

بىز يەنە ئەدەبىي تەرجىمىگە بولغان پوزىتسىيەمىزنى توغرىلىشىمىز كېرەك. ھازىر تەرجىمە ساھەسىدە قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە بەرگەندەك، بىر پارچە ئەسەرنى پارچىلاپ بىر قانچە كىشىگە تەرجىمە قىلىشقا بېرىدىغان ئەھۋاللار بار. بىر قىسىم تەرجىمانلار نەشرىياتتىن ياكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن تەرجىمە قىلىشقا ئېھتىياجلىق كىتابلارنى ئالىدۇ ـ دە، دېيىشكەن ۋاقىتتا تەرجىمىنى پۈتتۈرۈشكە كۆزى يەتمىسە، ئۇنى ئەدەبىي تەرجىمە ھەۋەسكارلىرىغا بېرىپ، ئارىدىن پايدا ئېلىپ، ئۇنى بىر خىل پايدا ئېلىش دەستىكى قىلىۋالدى. مەسىلەن: نەشرىيات ياكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن بىر ئەسەرنىڭ 1000 خېتىگە 200 يۈەندىن قەلەم ھەققى ئالدى دەيلى، بۇنىڭ 100 يۈەنىلا تەرجىمانغا بېرىلىدۇ. تەرجىمىدە ھەمكارلىقمۇ زۆرۈر. مەسىلەن: باش مۇھەررىر بىلەن تەرجىماننىڭ ھەمكارلىشىشى دېگەندەك. بىراق ئۇ نوقۇل بىر خىل سودىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇلسا، خۇددى ھۆددىگە بېرىلگەن قۇرۇلۇشقا ئوخشاپ قالىدۇ. نوقۇل قەلەم ھەققىدىن پايدا ئېلىش كۆزلەنسە، تەرجىمانلارنىڭ ئاكتىپلىقىغا ۋە تەرجىمىنىڭ سۈپىتىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يېتىدۇ.

بىز تەرجىمانلارغا ناھايىتى يۇقىرى تەلەپ قويىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئوقۇرمەنلەر ۋە ئوبزورچىلارنىڭمۇ تەرجىمانلارغا ۋە تەرجىمە ئەسەرلەرگە كەڭ قورساق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. تەرجىمە ئەسەرلەردە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا كۆرسىتىپ بەرسەكلا كۇپايە، ھەممىنى ئىنكار قىلماسلىق كېرەك، ئۇنداق بولمايدىكەن، تەرجىمانلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

شىنجاڭ قەدىمكى يىپەك يولىدىكى ئەڭ ئاۋات، ئەڭ قايناق جايلارنىڭ بىرى. 11 ـ ئەسىردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» قاتارلىق دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە ئۆلمەس ئەسەرلەر دۇنياغا كەلگەن. بۈگۈنكى كۈندە بىز «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسىنى پۇرسەت دەپ بىلىپ، رېئاللىققا دادىل يۈزلىنىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «يولدا ئۆزگە ئىشىنىش، نەزەرىيەدە ئۆزگە ئىشىنىش، تۈزۈمدە ئۆزگە ئىشىنىش، مەدەنىيەتتە ئۆزگە ئىشىنىش» تەلىپىنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇپ، يېپيېڭى قىياپەت بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شانلىق يېڭى دەۋرىنى كۈتۈۋالايلى.

(خەنزۇچە «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدىن نەمەت نىياز تەرجىمە قىلغان)

(تەرجىمان: قومۇل تۆمۈريول ۋوگزال ئىشلىرى ئۇچاستكىسىدا)

بۇ ساننىڭ ئەسەرلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما ئىشلىرى مەركىزى ئۇيغۇرچە كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى؛ بۇ ساننىڭ تەكلىپلىك تەھرىرى: ئايگۈل ئەمەت؛ كوررېكتورى: رەنا ئەمەت؛ مۇقاۋا ۋە قىستۇرما سۈرەتلەرنى ئىشلىگۈچى: مەريەمگۈل ئىددرىس (تەكلىپلىك)، بەتچىك: ئىسھاقجان ئىبراھىم قارائېكىن (تەكلىپلىك).

## ئىزدىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش



# باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشى شۇنچە مۇھىممۇ؟

تۇرسۇن مۇھەممەد-توختى

بەزى مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ قىممەت سىستېمىسى «مەن»نى يەنى شەخسنىڭ تەرەققىياتىنى مەركەز قىلغاچقا، ئۇلار باشقىلارنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن قانداق قارىشى ۋە قانداق باھالارنى بېرىشىگە ئانچە ئېتىبار بىلەن قاراپ كەتمەيدۇ. بىرەر ئىش قىلماقچى بولسا «باشقىلار نېمە دەر» دېگەننى خىيالغا كەلتۈرمەي، ئۆزى توغرا دەپ قارىغان ئىشنى قىلىۋېرىدۇ. ئۇلار «تۇرمۇش مېنىڭ تۇرمۇشۇم، مېنىڭ ئۆز تۇرمۇشۇمنى قانداق ئۆتكۈزۈشۈم پۈتۈنلەي ئۆزۈمنىڭ شەخسىي ئىشى. ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. شۇنداق بولغانىكەن باشقىلارنىڭ مەن توغرىسىدا نېمىلەرنى دېيىشى، مەن توغرىسىدا باش قاتۇرۇشىنىڭ ئۆزىلا بىر كۈلكىلىك ئىش» دەپ قارىشىدۇ. دېمەك، ئۇلار تۇرمۇشنى باشقىلارنىڭ كۆزى بىلەن ئەمەس، ئۆزىنىڭ كۆزى بىلەن كۆزىتىدۇ، ئۆزى قانداق ئويلىغان بولسا شۇ بويىچە ئىش كۆرىدۇ، باشقىلارنى دوراپ ياكى باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشىدىن ئەنسىرەپ قارا قويۇق ئېقىمغا ئەگەشمەيدۇ، خاتا دەپ قارىغان ئىشلار ئۈچۈن ۋاقىت ۋە زېھنىنى ئىسراپ قىلىپ يۈرمەيدۇ، شەخسىي تۇرمۇشى سىرتقى تەسىرلەرنىڭ كاشىلىسىدىن خالىي بولغاچقا ئارام كۈنلىرىنى ئۆزى خالىغان ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزىدۇ.

«بىز»نى مەركەز قىلىدىغان قىممەت سىستېمىسى كوللېكتىپنى تەشكىل قىلغۇچى شەخسلەرنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش،

www.uyghurkitap.com

تەشەببۇسكارلىقنى قوزغاش، كوللېكتىۋىزملىق روھنى كۈچەيتىش ئارقىلىق «بىز»دىن ئىبارەت ئىجتىمائىي توپنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. كوللېكتىپنىڭ تەرەققىي قىلىشى شەخسلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە تىرىشچانلىقىنى شەرت قىلىدۇ، كوللېكتىپ تەرەققىي قىلسا شەخسلەرمۇ ئوخشاشلا تەرەققىيات مېۋىلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئەمما ئۆرپ - ئادەت، تۇرلۇك مەرىكە مۇراسىم ۋە ئادەتتىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان جامائەتچىلىك ئېڭى «بىز»نى مەركەز قىلغان كوللېكتىۋىزملىق ئاڭدىن پەرقلىنىدۇ. كوللېكتىۋىزملىق ئاڭ ئومۇمەن تەرەققىياتنى چىقىش قىلىدۇ، جامائەتچىلىك ئېڭى بولسا بارىدى - كەلدى قىلىش دېگەنگە ئوخشاش كىشىلىك تۇرمۇش مۇناسىۋەتلىرى ۋە جامائەتچىلىك ئىشلىرىغا ئېتىبار بىلەن قارايدۇ.

دەرۋەقە بىزنىڭ جامائەتچىلىك قارىشىمىز زىيادە كۈچلۈك بولغاچقا، مەرىكە - مۇراسىم، تۇرلۇك ناملاردىكى يىغىلىش شۇنداقلا بارىدى - كەلدى ئىشلىرىغا زىيادە ئېتىبار بىلەن قارايمىز، سورۇندارچىلىقىمىز ئارقىلىق ئورنىمىز ۋە نوپۇزىمىزنى تىكلىمەكچى بولۇشىمىز. ئۆزىمىزنىڭ پىكىر قاراشلىرى ئەقلگە مۇۋاپىق بولسىمۇ ئۇنى يەنىلا ئومۇمنىڭ قارىشىغا بويسۇندۇرىمىز، باشقىلارنى دورايمىز، شۇنىڭ بىلەن خاسلىقىمىز «باشقىلار نېمە دەپ قالار»نىڭ تۈگمىنىدە يانجىلىشقا باشلايدۇ. بىزدە ھەممە ئوخشاش بولۇشتەك تەڭلىك ۋە تەقدىرداشلىق ئىدىيەسى كۈچلۈك بولغاچقا بىراۋلارنىڭ ئۆزىمىزگە ئوخشىماي قېلىشىنى، ئۆزىمىزدىن ئىلگىرىلەپ كېتىشىنى ئانچە خالاپ كەتمەيمىز، تېشىمىزدا چاندۇرمىغىنىمىز بىلەن كۆڭلىمىزدە «مەن ئېرىشەلمىگەنگە سەنمۇ ئېرىشەلمەسلىكىڭ كېرەك» دەپ ئويلايمىز. بىرەر مەنپەئەتلىك ئىشلاردا ياكى شان - شەرەپنى تالىشىپ قالغاندا بەزىدە ئىچىمىز تارلىق قىلىپ «ماڭمۇ يوق ساڭمۇ يوق» بولۇش تەرەپدارىدا بولىمىز، بىر - بىرىمىزدىن قىزغىنىشىپ كۆز ئالدىمىزدىكى مەنپەئەتنى ئۈچىنچى بىرىگە تارتقۇزۇپ قويىمىز. قىسمەنلىرىمىز بىرەر يېقىن يورىقىمىزنىڭ خىزمەتتىكى تىرىشچانلىقىنى، نەتىجىلىرىنى كۆرۈپ تۇرساقمۇ قەستەن كۆرمەسلىككە سېلىۋالىمىز، سايلاش - سايلىنىش ئىشلىرىدا بىلىشىمىزنى ئادەتتىكى بىرىگە تاشلايمىز. سورۇنلاردا «مەن ئىچكەندىكىن سەنمۇ ئىچىشىڭ كېرەك، مەن قىلغاننى سەنمۇ قىلىشىڭ كېرەك» دەپ ئىچمىگەنلەرنى زورلاپ تۇرۇۋالىمىز. جامائەت سورۇنلىرىدىن ئۆزىنى تارتىپ تۇرمۇشتا خاس يول تۇتقانلارنى، ئادەمگەرچىلىكى سۇس دەپ قاراپ چەتكە قېقىش، ئېتىراپ قىلماسلىق ھەتتا بابلاش پوزىتسىيەسىدە بولۇشىمىز.

ئەسلىسەم، ھاياتنىڭ ئەڭ گۈزەل پەسلى بولغان ياشلىق دەۋرىم ئويۇن - تاماشا بىلەن ھوسۇلسىزلا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىز بىر توپ دوستلار بىكار بولساقلا يېزا بازىرىنىڭ دوقمۇشىغا يىغىلىپ قۇرۇق پاراڭ سېلىش، كورت ۋە بورت ئويناش دېگەندەك ئىشلار بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزەتتۇق، ھەر كۈنى دېگۈدەك سورۇنلىرىمىز قۇرۇلۇپ تۇراتتى، بۇ خىل سورۇنلار پەقەت ناخشا - ساز، كۈلكە - چاقچاق، قىممىتى يوق پاراڭلار ئارقىلىق كۆڭۈل خۇشى قىلىشنى مەقسەت قىلاتتى. سورۇنلىرىمىزدا ئاڭنى ئاچىدىغان، ئىلمىي مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇرىدىغان مەزمۇنلار يوق بولۇپ، سورۇننىڭ ئىلمىيلىكى ۋە سۈپىتىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. ھاراق ئىچىش باش تېما قىلىنغاچقا بەزىدە غەۋغالارنىڭ ئاخىرى جېدەل - ماجىرا بىلەن ئاخىرلىشاتتى. ئۇ چاغلاردا كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئېڭى ئانچە ئويغانمىغان بولغاچقا ئىگىلىك تىكلەش دېگەندەك ئىشلار ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى. قىزىق يېرى، دوستلار بىلەن بىللە يىغىلىشىمىزغا سەۋەب بولغىدەك بىرەر ئىشىمىز

بولمىسمۇ، ھەر كۈنى تولىلىشىپ كۈن ئۆتكۈزۈش بىزگە نىسبەتەن ئادەتتىكە ئايلىنىپ كەتكەن ئىش ئىدى. قانداقتۇر بىر خىل كۈچ بىزنىڭ مەقسەتسىزلا بىر يەرگە يىغىلىشىمىزغا تۈرتكە بولاتتى. بىز خۇددى ھەر كۈنى ئىشقا بېرىپ كېلىدىغان خىزمەتچىدەك، بىكار بولساقلا (بەزىدە ئىشلىرىمىزنى تاشلاپ قويۇپ) يۈلىنىشىمىزنى يىغىلىدىغان ئورۇنغا قاراپ توغرىلايتتۇق. ئارىمىزدىن بىرەرسى كەلمىگۈدەك بولسا سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ كېتىدىغانلار كۆپ ئىدى. يىغىلىش ۋە سورۇنلارغا كېلەلمىگەنلەر ئالاھىدە سەۋەبى بولمىسا تەنقىد ۋە ئەيىبلەشلەرگە ئۇچرايتتى.

مەن كىتاب ئوقۇشقا قىزىقىدىغان بولغاچقا بۇنداق يىغىلىشلارنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيتتىم، بىراق يىغىلىشقا بارمىسام ئۇلارنىڭ ئەيىبلەشلىرى ۋە چەتكە قېقىشىدىن ئەنسىرەپ يەنىلا كۆپ ۋاقتىلىرىمنى قۇربان قىلىشىمغا توغرا كېلەتتى. شۇنداقتىمۇ ۋاقتىنىڭ ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ كىتاب ۋە ژۇرناللارنى ئوقۇۋالاتتىم، باھانە ـ سەۋەب كۆرسىتىپ بەزى يىغىلىشلارغا بارمايتتىم ياكى كېچىكىپ باراتتىم. بۇنداق چاغلاردا ئۇلارغا «كىتاب ئوقۇپ كېچىكىپ قالدىم» دېيىش مەسخىرە ۋە زاڭلىققا قالىدىغان ئىش بولغاچقا، چوقۇم تۇختىغۇدەك بىرەر باھانە كۆرسىتىشىمگە توغرا كېلەتتى. مەن كىچىكىمدىن ئۆگىنىشتە تىرىشچان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوقۇغان كىتابلىرىم كالالامنى خېلى ئېچىپ قويغاچقا، دوستلار بىلەن دوقمۇشتا قۇرۇق پاراڭلارغا دوست تارتىشىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋاقتىمغا ئىچىم ئېچىشاتتى، تىت ـ تىتلىق كەيپىياتتا بولاتتىم، ئۇنىڭ ئۇستىگە كورت ـ بورت دېگەندەك نەرسىلەرنى ئويناشقا پەقەت قىزىقمايتتىم. شۇنداقتىمۇ ئەتراپىمنى ئوراپ تۇرغان ئومۇمىي ئىجتىمائىي ئېكولوگىيە شۇنداق بولغاچقا يەنى تولىلىشىپ ياشاش ئېگى يوشۇرۇن ئېڭىمىزغا ئۆتۈپ كەتكەن بولغاچقا، بۇ خىل چۈشكۈن تۇرمۇشتىن قۇتۇلۇپ چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدىم. بىزدە كەلگۈسىگە نىسبەتەن بىرەر چوڭراق نىشان ۋە پىلان بولمىغاچقا كۆپ ۋاقتىمىزنى ئەنە شۇنداق تايىنى يوق كوللېكتىپ تۇرمۇشقا سەرپ قىلىۋەتكەنىدۇق. ھازىر ئويلاپ كۆرسەم، شۇ چاغلاردا بىزدە ئۆز ـ ئۆزىگە ئىشىنىش ئېڭى تولىمۇ ئاجىز ئىكەن، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى دەپ ئۆزىمىز توغرا دەپ قارىغان يولدا مېڭىشقا جۈرئەت قىلالمايتتۇق، ھاياتىمىزنىڭ چۇلۋۇرىنى باشقىلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇق. ۋاقىت قىممىتىنى كۆرسىتىشكە باشلىغانسېرى ئاشۇ چاغلاردىكى بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتلىرىمغا ئېچىنىپ قالىمەن. يورغا يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مانا بىز ھازىر ئوتتۇرا ياشتىن ھالقىغان، چاچلىرىمىز ئاقارغان چوڭ ئادەملەرگە ئايلاندۇق، تۇرمۇشىمىزدا كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولدى. بولۇپمۇ تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ ئەينى ۋاقىتتىكى دوستلار بىلەن بەزىدە ئايلاپ ھەتتا يىللاپ ئۇچرىشالمايدىغان بولدۇق. تۇرمۇش، خىزمەت ۋە جەمئىيەتنىڭ زىممىمىزگە يۈكلىگەن يۈكى ئاشقانسېرى، يەلكىمىزنى تۈرلۈك مەسئۇلىيەتلەر باسقانسېرى ھەممىمىز ئۆز ھەلەكچىلىكىمىز بىلەن بولۇشۇپ كەتتۇق. بۈگۈنكى كۈندە كىشلەرنىڭ ئاڭ ۋە ساپاسىدا خېلى كۆپ ئۆسۈشلەر بولدى. ئەدناسى ھازىر كىتاب ئوقۇۋاتقىنىمىزنى، ئۆگىنىۋاتقان ۋە ئىزدىنىۋاتقانلىقىمىزنى ئاشكارا تىلغا ئالالايدىغان ھەتتا تەشۋىق قىلالايدىغان بولدۇق. گەرچە كىشلەرنىڭ ئېڭى ئىلغارلىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بىز يەنىلا باشقىلارنىڭ باھاسى ئىچىدە ياشاش خاھىشىدىن يەنىلا قۇتۇلۇپ كېتەلمىدۇق.

ئويلاپ كۆرۈڭ، ئىمتىھاندا مەلۇم بىر سوئالنى توغرا ئىشلىگىنىڭىزگە ئىشەنچ قىلالماي باشقىلارنىڭكىنى كۆچۈرۈپ قويۇپ، شۇ تۈپەيلى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدىڭىز. دوستلىرىڭىز بىرەر

يىغلىشقا چاقىرغاندا، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى دەپ قولىڭىزدىكى شۇنچە زۆرۈر ئىشلارنى تاشلاپ بارىسىز. بۇگۈنكى مەرىكىگە بېرىشقا قەتئىي رايىڭىز بولمىسىمۇ، ئالايىتەن باغاق يازغاچقا يۈز كېلەلمەي ۋاقتىڭىز ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ يەنىلا بارىسىز. بىراۋنىڭ تويىغا بىرەر 100 يۈەن ئادەمگەرچىلىك قىلىشنى ئويلىغان بولسىڭىزمۇ، ئاز پۇلنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا قويۇشتىن نومۇس قىلىپ ئامالسىز نەچچە 100 يۈەن قويۇشقا مەجبۇر بولىسىز. ئەمەلىيەتتە سىزنىڭ ئۇنداق كۆپ ئادەملەرنى چاقىرىپ مەرىكە قىلغىڭىز بولمىسىمۇ، ئۇنى چاقىرمىسام، بۇنى چاقىرمىسام رەنجىپ قالارمۇ، ئاز چاقىرسام باشقىلار نېمە دەپ قالار دەپ يەنىلا بىر توقاي ئادەملەرگە باغاق يازىسىز. ئۆزىڭىزگە يارىشا ئاددىي - ساددا، ئازادە تۇرمۇش كەچۈرۈش ئويىدا بولغان بولسىڭىزمۇ، باشقىلارنىڭ سۆز - چۆچەكلىرى، مەنسىتمەسلىكى، كۆزگە ئىلماسلىقىدىن ئەنسىرەپ يوتقانغا بېقىپ پۇت سوزۇشنى بىلمەي، باشقىلارنى دوراپ مودا بولۇۋاتقان كىيىملەرنى، قەرز قىلىپ بولسىمۇ ماشىنا ۋە ئۆي دېگەندەك نەرسىلەرنى سېتىۋالماقچى بولىسىز. ئۆزىڭىزنى چاغلىماي ئۇلار بىلەن بەسلىشىپ ئاخىرى زورۇقىشقا بەرداشلىق بېرەلمەي ماغدۇرىڭىزدىن كېتىسىز. قىلىۋاتقان بەزى ئىشلار كاللىڭىزدىن پەقەتلا ئۆتمىسىمۇ، خاتا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىڭىزمۇ باشقىلارنىڭ «نېمە دەپ قالار»لىرىدىن ئەنسىرەپ ئېقىمغا ئەگىشىشكە مەجبۇر بولىسىز. شۇ تۈپەيلى نۇرغۇن قىممەتلىك ۋاقىتلىرىڭىز ئىسراپ بولۇپ كەتتى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۆپ زىيانلارنى تارتتىڭىز، قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلىرىڭىز سۇغا چىلاشتى، ئۆزىڭىزنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئىشلارغا ئېشىنالماي قالدىڭىز، ئائىلىڭىزگە دېيەرلىك كۆڭۈل بۆلەلمىدىڭىز، قارىماققا تېشىڭىزدا ھېيت ئۆينىغاندەك قىلغىنىڭىز بىلەن ئىچىڭىزدە روزا تۇتۇپ يۈردىڭىز، ئەمەلىيەتتە تېشىڭىز پۈتۈن، ئىچىڭىز تۈتۈن. قىسقىسى، سىز ئاشۇ خىل تۇرمۇش ئىچىدە ئۆزىڭىزنىڭ دۇنياسى، ھەقىقىي ئۆزىڭىزدىن يىراقلاپ كەتتىڭىز!

بىر ئادەمنىڭ ئۆمرى تولىمۇ چەكلىك. ئۇخلاش، خىزمەت قىلىش، قىلمىسا بولمايدىغان كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى زۆرۈر ئىشلارغا سەرپ بولىدىغان ۋاقىتلارنى چىقىرىۋەتكەندە، ئۆزىگە تېگىل ۋاقىتلىرى چاغلىقلا قالىدۇ. ئېشىپ قالغان ئاشۇ قىممەتلىك ۋاقىتنى چىڭ تۇتالىغان، ئۇنى ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا سەرپ قىلالىغان، ۋاقىتتىن يۇقىرى ئۈنۈمدە پايدىلىنالىغان ئادەملا ھاياتىنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرالايدۇ. ئەمما سىز ئارام كۈنلىرىڭىز ۋە بوش ۋاقىتلىرىڭىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويىسىز، ھېچقانداق قىممەت ياراتمايدىغان ئىشلارغا سەرپ قىلىسىز، ئالاھىدىلىكىڭىزنى جارى قىلدۇرىدىغان، ئۆزىڭىزنى كۈچەيتىدىغان ئىشلارنى قىلمىسىڭىز، پىلانىڭىز داۋاملىق باشقىلارنىڭ دەخلى - تەرۇزىغا ئۇچراپ تۇرسا، بۇ ھاياتىڭىزدا تىلغا ئالغۇدەك بىرەر ئۇتۇققا ئېرىشەلىشىڭىز مۇمكىنمۇ؟

بىزدە قانداقلا بىر ئىش قىلساق باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشىنى زىيادە چوڭ بىلىدىغان، باشقىلارنىڭ ئىدىيەسى، باشقىلارنىڭ خاھىشى، باشقىلارنىڭ تۇرمۇشى ئىچىدە ياشايدىغان قۇلچىلىق ئىدىيەسى؛ بىر ئىشنىڭ توغرا - خاتاسىنى ئەقلىي تەپەككۇرنىڭ تاسقىشىدىن ئۆتكۈزۈپ باقمايلا قارىغۇلارچە ئېقىمغا ئەگىشىدىغان مەھكۇم خاراكتېر زىيادە ئېغىر. مانا بۇ سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشتا ئالغا ئىلگىرىلىشىگە، خىزمەتتە نەتىجە قازىنىشىغا، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا توسالغۇ بولۇۋاتقان ئەڭ ئەشەددىي روھىي كىشەن بولسا كېرەك. ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىنى ئۆزلۈكسىز يېڭىلاپ تۇرۇش، بىرەر ئىشتا نەتىجە قازىنىش نىيىتىگە كەلگەن بولسا،

ئۇنداقتا ئالدى بىلەن ئاشۇ مەنىۋى كىشەننىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن خەقنىڭ سىزگە قانداق قارايدىغانلىقى، قانداق باھالارنى بېرىۋاتقانلىقى، نېمە دەيدىغانلىقىنى كاللىڭىزدىن چىقىرىۋېتىپ دىققەت ئېتىبارىڭىزنى ئۆزىڭىزگە قارىتىشقا جۈرئەت قىلىشىڭىزغا؛ ئىدىيەرىڭىزنى، تەپەككۇر شەكلىڭىزنى يېڭىلاش ئارقىلىق «ئادەت تورمىسى»دىن قۇتۇلۇپ چىقىشىڭىزغا، يەنى، ئىقتىدارىڭىزنى تۇنجۇقتۇرىدىغان ناچار ئۆرپ-ئادەتلەرگە جەڭ ئېلان قىلىشتەك ئىسيانكار روھقا ئىگە بولۇشىڭىزغا؛ ھەممە كىشى كۆنۈپ كەتكەن جەمئىيەت چەمبىرىكىدىن ھالقىيالىشىڭىزغا؛ ئۆز ئىدىيەڭىزنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىشتەك مۇستەقىل خاراكتېرگە، توغرا دەپ قارىغىنىنى ئەمەلىيەتتە ئىپادە قىلالايدىغان شىجائەتكە ئىگە بولۇشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەنگلىيەلىك پەيلاسوپ يوھان مىل «باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئادەملەرنىڭ ئاز بولۇشى بۇ دەۋرنىڭ ئەڭ چوڭ كىرىزىسىدۇر» دېسە؛ قايسى بىر دانىشمەن: «نادانلىقمۇ قورقۇنچلۇق، لېكىن ھەممىدىن بەك قورقۇنچلۇقى بىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئەقىدىسىز قېلىشى، ئۆزى توغرا دەپ قارىغان ئىشلارنىمۇ قىلالماسلىقى» دېگەن. ئەقىل رىقابىتى كۈچىيىپ بېرىۋاتقان، تۈرلۈك خىرىسلار قىستاپ كېلىۋاتقان مۇشۇنداق بىر دەۋردە، كاللىمىزنى قاتتىق بىر سىلكىۋېتىپ بۇ مەسىلە ئۈستىدە چوڭقۇرراق ئويلىنىپ كۆرمىسەك بولمايدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس يول تۇتۇشقا جۈرئەت قىلالماسلىقى، ئۆز ئىدىيەسىگە مۇخالىپ ئىشلارنى قىلىشى، قارىغۇلارچە ئېقىمغا ئەگىشىشىنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلىرى كۆپ تەرەپلەرگە چېتىلىشى مۇمكىن. تۆۋەندە مۇھىم دەپ قارىغان بىر قانچە سەۋەب ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

مۇستەقىل قاراشنىڭ يېتىلمەسلىكى: ئەگەر سىز ھاراق تۆپەيلىدىن سالامەتلىكىڭىزدە مەسىلە كۆرۈلۈشكە باشلىغانلىقىنى، كۆپ ئىچىپ قويغانلىقىڭىز تۆپەيلى نەچچە قېتىم ئوبرازىڭىزغا تەسىر يېتىدىغان نومۇسلۇق ئىشلارنى قىلىپ قويغانلىقىڭىزنى، يەنە شۇ ھاراق تۆپەيلى مەستچىلىكتە خۇدىڭىزنى يوقىتىپ نەچچە قېتىم ھاياتىڭىزنىڭ قىل ئۈستىدە قالغانلىقىنى، نۇرغۇن ۋاقتىڭىزنىڭ ئىسراپ بولۇپ كەتكەنلىكىنى، تۇرمۇشتا ئىلگىرى باسمىغانلىقىڭىزنى، زەئىپلىك، چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا پېتىپ كېتىۋاتقانلىقىڭىزنى ئويلاپ، ئۆزىڭىزگە «مەن نېمە ئۈچۈن ئۆز جېنىمغا ئۆزۈم ئىكەك سالىمەن؟ قىممىتىمنى چۆكۈرىدىغان ئىشلارنى قىلىمەن؟ ھاراقتا ئۇلپەتداش دوستلىرىم ئاغرىپ قالغاندا دەردىمنى تەڭ تارتىشىپ بېرەلەمدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇنداق چۈشكۈن تۇرمۇشنى ئۆزگەرتىپ كۆرمەيمەن؟» دېگەندەك سوئاللارنى قويۇپ، ھاراق تاشلاش نىيىتىگە كەلگەن بولسىڭىز ۋە بۇ خىل نىيەت ئىرادە كۈچىڭىزنى پەيدا قىلغان بولسا، ھەرىكىتىڭىزد ئىپادىسىنى كۆرسەتمەي قالمايدۇ. چۈنكى، بىز بىر ئىشقا قانداق قاراشتا بولساق پوزىتسىيەرىمىزمۇ شۇ خىل قاراشقا مايىللىشىدۇ. يەنى بىزنىڭ بىر ئىشقا قارىتا مۇئەييەنلەشتۈرۈش ياكى ئىنكار قىلىش پوزىتسىيەسىدە بولۇشىمىزنى شۇ ئىشقا نىسبەتەن قارىشىمىز بەلگىلەيدۇ. ئىدىيە قاراش بىزنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىمىزگە بۇيرۇق چۈشۈرىدىغان باش قوماندان. ئەگەر كاللىڭىزدا بىر ئىشنى قىلىشنى قارار تاپقان بولسىڭىز، ئۇ سىزنى دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە ئۈندەيدۇ. قىلماسلىقنى قارار تاپقان بولسىڭىز شۇ ھامان شۇ ئىشقا قارىتا پاسسىپ ئىنكاس شەكىللىنىدۇ. بۇنىڭدىن ئىدىيە قاراشنىڭ رېئاللىقىمىزنى پەيدا قىلىدىغان يادرولۇق ئامىل ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. خاتا قاراش خاتا ھەرىكەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدىغان بولغاچقا، ئاڭدا خاتا قاراشلارنىڭ شەكىللىنىپ

www.uyghurkitap.com

قىلىشى ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋال ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر سىز بىر خىل خاتا ئىدىيە ۋە قاراشنى توغرا دەپ قاراپ ئېڭىڭىزدا مۇقىملاشتۇرۇۋالسىڭىز، مەسىلىلەرنىڭ توغرا خاتالىقىغا شۇ خىل قاراشنى ئۆلچەم قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىسىزدە، خاتا ئىشنى قىلىشقا باشلايسىز. شۇڭا ئالدى بىلەن ئىدىيە ۋە قاراشنى ئۆزگەرتمەي ۋە ئىلغارلاشتۇرماي تۇرۇپ ھەرىكەتنى توغرا يۆلىنىشكە بۇرىغىلى بولمايدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا بىزنىڭ خاتالىقلارنى سادىر قىلىشىمىزغا، ناچار ئادەتلەرنى ئۆزگەرتەلمەسلىكىمىزگە، كونا مۇقامغا ناخشا توۋلىشىمىزغا، دورامچىلىق قىلىشىمىزغا، ياشاش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ كۆرۈشكە ۋە باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان يول تۇتۇپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالماسلىقىمىزغا سەۋەب بولۇۋاتقان ئاساسلىق ئامىل ئىدىيە قارىشىمىزدىكى مەسىلە ۋە نۇقسانلاردۇر. ئۇنداقتا ئىدىيە قاراشنى ئۆزگەرتىش نېمە ئۈچۈن شۇ قەدەر تەس؟

چۈنكى، ئىدىيە قاراش بىردەملىك ياكى قىسقا مەزگىللىك تەسىرنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، ئۇ ئۇزاق يىللىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ۋە تەربىيىلىنىش جەريانىدا شەكىللىنىدۇ، يەنە كېلىپ ئادەت خاراكتېرىنى ئالغان بولىدۇ. ئىدىيە قاراشنىڭ ئىلغار ياكى پاسسىپ بولۇشىنى تەربىيىلىنىش ئەھۋالى بىلەن بىلىشنىڭ دەرىجىسى بەلگىلەيدۇ. مۇستەقىل قاراشنىڭ يېتىلمەسلىكى ئاساسلىق سەۋەب — سەۋىيە ـ ساپانىڭ تۆۋەنلىكى، نەزەر ـ دائىرىنىڭ تارلىقى، ئەقىدىنىڭ سۇسلىقى، بىلىشنىڭ تار دائىرىدە چەكلىنىپ قالغانلىقىدىن بولىدۇ. چۈنكى، بىر ئادەم قانچە بىلىملىك، سەۋىيىلىك بولسا مەسىلىلەرگە شۇنچە ئەتراپلىق قارىيالايدۇ، تەپەككۇرىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر بولۇپ، بىر مەسىلىنى كۆپ تەرەپتىن ئەتراپلىق تەھلىل قىلىپ توغرا ھۆكۈمگە ئېرىشەلەيدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئەقىل بىلەن ئىش كۆرۈشنى بىلىدۇ، توغرا ـ خاتانى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى يۇقىرى بولغاچقا ئىمكان قەدەر خاتا ئىشلاردىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. ئۆرپ ـ ئادەتلەردىكى چاكىنىلىشىشنى، نامراتلىق ۋە چېكىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان قالاق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى، يوقىلاڭ پەتىۋالارنى، ئازاب ۋە كۈلپەتلەرنى بىلىمسىزلىك ۋە نادانلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىلىم ـ ساپاسى تۆۋەن، نەزەر ـ دائىرىسى تار ئادەم مەسىلىنى خۇددى قۇدۇقتىكى پاقىدەك ئاددىي ۋە يۈزە ئويلايدۇ، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدۇ. كۆپنى كۆرگەن، كۆپنى بىلىدىغان، تەجرىبە ساۋاقلىرى мол ئادەم ئېگىزدە تۇرۇپ يىراققا نەزەر سېلىشنى بىلىدۇ. باشقىلارنىڭ قانداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى، دۇنيادا قانداق يېڭىلىق ۋە ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى، رىقابەتنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنى، قانداق ئىشلارنىڭ كەينىگە قانداق خەتەرلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلگەچكە، ھوشيار ۋە سەگەك ھالەتتە ياشايدۇ، نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىقنى ئوبدان بىلىدۇ.

بىلىش — ئىنساننىڭ قۇدرەتلىك مەنىۋى قورالى. ئادەم تۇغۇلغاندا ياۋايى ھالەتتە تۇغۇلىدۇ، ئۇ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا مەخسۇس تەربىيىلەنگەچكە تىل ۋە تەپەككۇرغا ئىگە مەدەنىيەتلىك ئادەمگە ئايلىنىدۇ. ناۋادا بىر ئادەمنىڭ تەربىيىلىنىشى ياخشى بولمىسا، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت بىلەن ئانچە ئۇچراشمىسا بىلىشىمۇ تار دائىرىدە چەكلىنىپ قالىدۇ. بىلىش قانچە چەكلىمىگە ئۇچرىغانسېرى ياۋايىلىق خۇسۇسىيەت شۇنچە قۇتراشقا باشلايدۇ، ئەقىل ـ پاراسىتىمۇ تۆۋەن دەرىجىدە بولىدۇ. ئادەملەرنىڭ ئاڭسىز، نادانلارچە ھەرىكەتلىرىنى دەل بىلىشتىكى تۆۋەنلىك كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇكى، مۇستەقىل قاراشنىڭ يېتىلمەسلىكى ئاساسلىق سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر ئاڭنىڭ تۆۋەنلىكى، مەنىۋى جەھەتتىكى نامراتلىق ۋە ئاڭسىزلىقتىن

ئىبارەت دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇنداق ئادەملەر قىلىۋاتقىنىنىڭ خاتالىقىنى بىلگەن تەقدىردىمۇ ئۆزىنى تۇنجۇقتۇرىدىغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر قايىنىمىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشقا مادارى يەتمەيدۇ. ئادەتتە قىلىپ ئېيتقاندا، بىر دوكتورنىڭ ئىدىيە قارىشى 20 يىلدىن ئارتۇق سىستېمىلىق تەربىيەلىنىشىنىڭ نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ. بىر ساۋاتسىز ئادەمنى نەچچە كۈن ۋە نەچچە ئايدا ئاشۇ دوكتۇردەك ئىدىيە قاراشقا ئىگە قىلىش ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. ئىدىيە قاراش ئۇزاق مەزگىللىك تەربىيەلىنىشنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا يەنى ھەر بىر ئادەمنىڭ ساپاسىغا قارىتا بولىدىغان بولغاچقا، ئۇنى ئۆزگەرتىش ئاسانغا توختىمايدۇ. ساپا قانچە يۇقىرى بولغانسېرى بىر ئادەمنىڭ مۇستەقىل قارىشىمۇ شۇنچە كۈچىيىپ بارىدۇ.

غايىسىزلىق ۋە ئەقىدىنىڭ بولماسلىقى: ئەگەر سىز قەتئىي ھاراق تاشلاش نىيىتىگە كەلگەن بولسىڭىزمۇ، لېكىن دوست - بۇرادەرلىرىڭىزنىڭ قاتتىق سالا - سۆلھەلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ياكى يۈزلۈك كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى دەپ رومكىنى قولىڭىزغا ئالغان بولسىڭىز، بۇ سىزدە ئەقىدىنىڭ ئاجىزلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. نەچچە يىللاردىن بۇيان ھەرىكىلەرنى ئادەتتە ئۆتكۈزۈش، ھەشەمەتچىلىك، ئىسراپچىلىق قىلماسلىق، پەرزەنت تەربىيەسىگە كۆڭۈل بۆلۈش، كىتاب ئوقۇشقا يۈزلىنىش دېگەنگە ئوخشاش ئاكتىۋال تەشەببۇسلار كۈچىيىپ بېرىۋاتقان بولسىمۇ، كۆپ ساندىكى كىشىلەر بۇ خىل تەشەببۇسلارنى قوللاش تەرەپدارىدا بولسىمۇ، لېكىن بەزىلەرنىڭ ھەرىكىتىدە ئىپادە قىلالماسلىقى نىيەتنىڭ ئەقىدە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. مەسىلىنى توغرا تونۇغان بىلەن ھەرىكەتتە ئىپادە قىلىنمىسا ھېچقانداق رولى ۋە ئەھمىيىتى بولمايدۇ. ئەقىدە سۇس ئادەملەرنىڭ پەقەت تۇرقى ئادەم بولۇپ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىدىغان ماشىنا ئادەمگە ئوخشايدۇ، بۇنداق ئادەملەرنىڭ مەيدانى بولمايلا قالماي، ئىرادىسىز كېلىدۇ، خىيالپەرەس، ئىرادىسىز ئادەملەرنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ.

ئادەتتە ئادەملەر بىلەن دانا ئادەملەرنىڭ پەرقى ئەقىل - پاراستى ۋە تەپەككۇر شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقىدا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى ئەقىدىسىگە سادىق بولۇش بولالماسلىقىدا كۆرۈلىدۇ. ئەقىدىسىنىڭ تايىنى يوق كىشىلەر قۇرۇق خىيالنى كۆپ قىلغىنى بىلەن ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتمەيدۇ. ھۇرۇن بولۇپ بىر ئىشنى باشلاپ قويۇپ باش پەللىدىلا بەل قويۇۋېتىدۇ. دىققەت ئېتىبارى تۇرمۇشتىكى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغا مەركەزلىشىپ قېلىپ، قىممىتى يوق ئىشلارغا ۋاقىت ۋە زېھنىنى سەرپ قىلىۋېتىدۇ. «باشقىلارسىمان بولۇش»نى ھەممىدىن چوڭ بىلىدۇ. ئەلقاتارى ياشاشنى تۇرمۇش پىرىنسىپى قىلىۋالغاچقا ئۆزىگە خاس يول تۇتۇشنى، باشقىلار ماڭمىغان يولدىن گۇمانلىنىپ بېقىشنى زىنھار خىيالغا كەلتۈرمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن «قائىدە - ئادەت»نىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ خۇددى تۇكلۇك چېپار قۇرتتەك، جۇۋاز كالىسىدەك بىر نۇقتىنى ئەتراپىدا پىرقىراۋېرىدۇ، مېڭىپ - مېڭىپ قىردىن ئاشالمايدۇ.

قاراش ئەقىدە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەندىلا كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلايدۇ، رەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى چىرايلىقچە رەت قىلالايدىغان، خاتا دەپ قارىغان ئىشلارنى قىلمايدىغان ھالەت شۇندىلا شەكىللىنىدۇ. ئەقىدە ئادەمگە كۈچ - قۇدرەت ئاتا قىلىدىغان، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشمىزگە تۈرتكە بولىدىغان روھىي كۈچ بولۇپ، ئۆز ئەقىدىسىگە سادىق ئادەملەر باشقىلارنىڭ قانداق قارىشىغا ئېرەڭشىپ كەتمەيدۇ، نىشانى بويىچە ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. ئەقىدىنى ھاياتنىڭ مىزانى قىلىپ ياشاۋاتقانلارنىڭ ئىنتىلىپ تۇرىدىغان بىرەر تۇرمۇش غايىسى بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئادەتتىكى ئادەم سەھەردىكى تاتلىق ئۇيقۇنىڭ

پەيزىنى سۈرۈۋاتقاندا، غايىلىك ئادەم ئاللىقاچان ئورنىدىن تۇرۇپ بىر كۈنلۈك ئىشلىرىنى باشلاپ بولغان بولىدۇ. ئادەتتىكى ئادەم يانپاشلاپ يېتىپ كىنو كۆرۈۋاتقاندا، كورت ئويناۋاتقاندا، قۇرۇق پاراڭ سېلىۋاتقاندا، سورۇنلاردا ئىچىۋاتقاندا، ئۇ چاي، بۇ مەرىكىنىڭ كوچىسىدا سوكۇلداپ يۈرۈۋاتقاندا... ئەقىدىلىك ئادەم ئۆگىنىۋاتقان، ئىزدىنىۋاتقان، پىكىر ۋە تەپەككۇر قىلىۋاتقان، بېرىلىپ ئىشلەۋاتقان، پۇل تېپىۋاتقان، ئىجاد قىلىۋاتقان، ئىگىلىك تىكلەۋاتقان، ئۆزىدىن ھالقىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان بولىدۇ. قىسقىسى، بىرى پاتقاققا پېتىۋاتقان، بىرى مەنزىلى تامام كېتىۋاتقان بولىدۇ.

ئادەمنى ئالغا ئىنتىلدۈرۈپ ھەم روھىي كۈچنى ئۇرغۇتۇپ تۇرىدىغان بىرەر تۇرمۇش غايىسى ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىستىكىنىڭ بولماسلىقمۇ ئۆزلۈك خاراكتېرنىڭ رولىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. جاھاندا قانچىلىغان كىشىلەرنىڭ ئۆز قىممىتىنى تونۇماي ئاددىي ئادەملەردىن بولۇپ قېلىشنى نىشانسىزلىق، ئۆزىنى تونۇماسلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان. بىر قەدەر يۈكسەك نىشانى بولمىغان، ئۆزىنى ئۆزگەرتىش نىيىتىگە كەلمىگەن ئادەمدە ۋاقىتنى، ھاياتنى قەدىرلەش ئېڭى بولمايدۇ، ئۇنداقلاردا كۈن ئۆتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىپ ياشايدىغان پاسسىپ پوزىتسىيە شەكىللىنىپ قالىدۇ. نىشان ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانلار ۋاقىتنىڭ ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ ھەر كۈنى ئۆزىنى يېڭىلاپ تۇرىدۇ، ماھىيەتلىك ئىشلارغا دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇتتۇرۇقسىز ئىشلارغا ۋاقىت ئىسراپ قىلىپ يۈرمەيدۇ. سازلىق ياكى ئورمانلىقتا بىراۋلار قەدەم ئىزىنى قالدۇرغان يولنىڭ بىخەتەر يول بولۇشى ناتايىن. كىشىلەر قىسلىشىپ مېڭىۋاتقان يولنىڭمۇ خەتىرىگە بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، دۇنيادا نەتىجە قازىنىۋاتقانلار ھەرگىز ئېقىمغا قارىغۇلارچە ئەگەشكۈچىلەر ئەمەس، ئۆزىگە خاس يول تۇتقۇچىلار ۋە ئۆزىگە خاس يول ئاچقۇچىلاردۇر. نىشانى بار ۋە شۇ نىشانى ئۈچۈن ئەقىدە قىلغۇچىلاردۇر.

ئادەت: ئادەتنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. ياخشى ئادەتلەر ئادەمنى مۇۋەپپەقىيەت مەنزىللىرىگە باشلىسا، ناچار ئادەتلەر مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈرىدۇ. تەكشۈرۈشلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك پائالىيىتىنىڭ 90% ى ئادەت ئېنېرتسىيەسىدىن كېلىدىكەن. بۇنىڭدىن بىزنىڭ قىلىپ يۈرۈۋاتقان ئىش - ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپى ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ئىشلارنىڭ تەكرارلىنىشىدۇر. باستېر ۋاررېن: «مىجەز - خاراكتېر ئەمەلىيەتتە ئادەتنىڭ يىغىندىسىدۇر، ئادەت خاراكتېرلىك ئىپادىسىدۇر» دېگەن. ئادەت بىر ئادەمنىڭ سائەت نەچچىدە ئورنىدىن تۇرۇشى، ناشتىلىقنى قانداق قىلىشى دېگەندەك ئىش - ھەرىكەتلىرىدە ئىپادىلىنىپلا قالماي، خىزمەت، كىشىلىك مۇناسىۋەت، پىكىر قىلىش ئۇسۇلى دېگەندەك تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە، روھىي ئامىللاردا ئىپادىسىنى تاپىدۇ. قائىدە - يوسۇن، ئۆرپ - ئادەتلەرمۇ ئىجتىمائىي ئادەت جۈملىسىگە كىرىدۇ، بۇ خىل ئادەتلەر جەمئىيەتنىڭ پۈتكۈل قۇرۇلمىسىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. پاسسىپ ئىجتىمائىي مۇھىتتا بولۇپمۇ باللار، ياشلار ناچار ئادەتلەرنى ئاسانلا ئۆزلىرىگە يۇقتۇرۇۋالىدۇ - دە، كېيىنكى كۈنلەردە شۇ خىل ناچار ئادەتلەرنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئاكتىپ، ھاياتىي كۈچكە تولغان ئىجتىمائىي مۇھىت باللارنىڭ ساغلام تۇرمۇش ئادەتلىرىنى يېتىلدۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. ئادەت يېتىلدۈرۈشتە تەربىيەنىڭ ھەل قىلغۇچ رولىنى ئەستىن چىقىرىشقا بولمايدۇ.

بىز ئادەتنى ئۆزگەرتىشنىڭ تەسلىكىنى بىلىمىز،

بىر ئىشنى باشقىچە ئۇسۇلدا قىلىشنى ئويلىغان بولساقمۇ، بىلىپ - بىلمەي ئادەت خاراكتېرلىك ھەرىكىتىمىزنى تەكرارلاپ قالىمىز. ئەمدىلەتىن شەكىللەنگەن ئادەتنى ئۆزگەرتىش قىيىنغا توختىمىغىنى بىلەن، كونىراپ كەتكەن ئادەتنى ئۆزگەرتىش بەسىي مۈشكۈل ئىش. چۈنكى، ئادەت شەكىللەنگىنىگە قانچە ئۇزاق ۋاقىت بولغانسېرى يوشۇرۇن ئېڭىمىزغا شۇنچە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن بولىدۇ. ئىلگىرىكى سەرگۈزەشتىلىرىمىز، جۈملىدىن ئادەتكە ئايلانغان ئىشلارنىڭ خاتىرىسى يوشۇرۇن ئېڭىمىزنىڭ ئامبىرىدا ساقلىنىدۇ، بولۇپمۇ ئاشكارا ئاڭ سەزگۈرلۈكنى يوقاتقان ياكى ئۇيقۇ ھالىتىگە ئۆتكەن ھامان ئادەتكە ئايلانغان يوشۇرۇن ئاڭ دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا يوشۇرۇن ئاڭنى ئادەتنىڭ مەنبەسى ياكى ئادەت دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. يوشۇرۇن ئاڭنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ ئادەتنى ئۆزگەرتىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. «بىلىم - كۈچ» ژۇرنىلىنىڭ 2016 - يىلى 4 - سانىغا بېرىلگەن «يوشۇرۇن ئاڭ ۋە يوشۇرۇن ئىقتىدار» ناملىق ماقالەمدە بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالغان بولغاچقا، يوشۇرۇن ئاڭنىڭ نېمىلىكى ھەققىدە تەپسىلىي توختالمىدىم) بىز ئاڭ ۋە قاراشلىرىمىزنى، تەپەككۇر ئادىتىمىزنى ئۆزگەرتىپ يېڭىچە ئىدىيە شەكىللەندۈرۈش، شۇ ئاساستا چاكىنا قىممەت قاراشلىرىمىزنى ئۆزگەرتىش؛ يوشۇرۇن ئاڭ بىلەن مەقسەتلىك ئالاقىنى كۈچەيتىپ زۆرۈر ئۆزگەرتىشلەرنى ئېلىپ بېرىش، يوشۇرۇن ئاڭنىڭ ھەرىكەت تەرتىپىنى يېڭىلاش، يېڭى ئەندىزە بويىچە مەشقلەندۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق يوشۇرۇن ئاڭنىڭ يېڭى بىر يۈرۈش ھەرىكەت تەرتىپىنى شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق يەنى يوشۇرۇن ئاڭنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئىلگىرىكى ئادىتىمىزنى ئۆزگەرتەلەيمىز. بۇنداق قىلىش ئىرادىسى ئاجىز ئادەملەرنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.

ئادەتنى ئۆزگەرتىش ئاسان بولمىغاچقا ئەجدادلارنىڭ بىر قىسىم ئۆرپ - ئادەتلىرى ئەسىردىن - ئەسىرگە داۋاملىشىدۇ.

كېيگەن كىيىمى ئارقىلىق ئابرۇيىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنىدىغان، كىيىنىشكە قاراپ مۇئامىلە قىلىدىغان، يېگەن - ئىچكەنىنىڭ گېپى تولا بولىدىغان، مەرىكىنى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈشنى ئابرۇيي ھېسابلايدىغان ھەم قانچە پۇل چۈشكەنلىكى بىلەن ئابرۇيىنى پەش قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان، جامائەتچىلىك ئىشلىرىغا قاتنىشىش ئەھۋالىغا قاراپ بىر ئادەمنىڭ قىممىتىگە باھا بېرىدىغان بۇنداق نادانلاشقان كىشىلەر توپى ئىچىدە ياشاش ئىلىم ئىگىلىرى ۋە ئىزدەنگۈچىلەر ئۈچۈن تولىمۇ ئازابلىق بىر ئىش. چۈنكى، نادانلىق بىلەن ئىلغارلىق كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان دۈشمەنلەردىن بولۇپ بىر - بىرىنى چەتكە قاقىدۇ. ئىلغارلىق دەۋرنىڭ ئاساسىي مېلودىيەسىگە ئايلانغان جەمئىيەتتە زىيالىيلارنىڭ ئورنى تۆردە بولسا، نادانلىق ئەۋج ئالغان جەمئىيەتتە ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئورنى پەگادا بولىدۇ. ئۆزىدىن چىققان ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ قەدرىنى قىلماسلىق، جامائەتچىلىك قارىشىنى ئۆلچەم قىلىپ ئۇلارنى ئادەمگەرچىلىكنى بىلمەيدۇ، «جامائەتچىلىكى يوق» دېگەندەك تۇتامغا چىقمايدىغان ئىشلار بىلەن ئەيىبلەش، غەيۋەت شىكايىتىنى قىلىش، پىتنە - پاسات تارقىتىش، قارا چاپلاش؛ ئىلغار ئىدىيەلەرنى چەتكە قېقىش، تەرەققىياتنىڭ يۈنىلىشىگە قارشى ھەرىكەتلەرنى قىلىش شۇ ئىجتىمائىي توپنىڭ مەنىۋى كىرىزىسقا ئېغىر دەرىجىدە پاتقانلىقىنى، مەنىۋى كېسەللىكنىڭ ئېغىرلاپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بىرەر پارچە كىتاب، بىرەر كەشپىيات، بىرەر يېڭىلىقنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن پۈتۈن دىققىتىنى شۇ ئىشقا قارىتىشقا، نەچچە يىللاپ، نەچچە ئون يىللاپ باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىزدىنىشكە

توغرا كېلىدىغان تۇرسا، ئۇلارنىڭ جامائەتچىلىك ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا نەدىمۇ كۆپ ۋاقتى بولسۇن؟ ئاشۇنچىلىك قۇربان بېرىش روھى بولمىغان ئادەم نەتىجە قازىنىشتىن سۆز ئاچمىسىمۇ بولىدۇ. ياپونىيەلىك مەشھۇر پېداگوك فۇكۇزاۋا يۇكۇچى: «بىر دۆلەت قەد كۆتۈرىمەن دەيدىكەن، چوقۇم بىرىنچىدىن، روھ، ئىككىنچىدىن، سىياسىي تۈزۈم، ئۈچىنچىدىن، ئەسۋاب - ئۈسكۈنە قاتارلىق ئۈچ جەھەتنى ئۆزگەرتىشى كېرەك. بۇ ئۈچىنىڭ ئىچىدە ‹روھنى ئۆزگەرتىش› ھەممىدىن مۇھىم. روھ كىرىزىسى ھەل قىلىنماي تۇرۇپ، بىر دۆلەت ماددىي قاتلامنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئارقىلىق ھەرگىز باش كۆتۈرۈپ چىقالمايدۇ» دەيدۇ (تيەن گوباۋ، «مائارىپنىڭ ھەقىقىي ئەھمىيىتى»، شىنجاڭ مەدەنىيىتى 2016 - يىلى 6 - سان. ئىمىنجان تۇرسۇن تەرجىمىسى).

بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس يول تۇتالماسلىقىنىڭ، توغرا دەپ قارىغىنىنى قىلالماسلىقىنىڭ يۇقىرىقىدەك سەۋەبلىرىدىن باشقا، جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە تۈزۈلمىسى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بەزى ئىشلارنى پەقەت ئېغىزنىڭ چاقىرىقىغا تايىنىپلا تۈزگىلى بولمايدۇ، چۈنكى، بەزى ئادەملەرنىڭ ئىدىيەسى قاتماللىشىپ كەتكەچكە مىڭ كاپىشىغان بىلەنمۇ پىت چاققاندەك تەسىر قىلمايدۇ. بۇنداق ئادەملەرنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ، ئۇلار مىققا ئۇسكەندە، يارنىڭ لېۋىگە كېلىپ قالغاندا ئاندىن ھوشىنى تېپىشى مۇمكىن، بىراق بۇ چاغدا ئاللىقاچان كېچىككەن بولىدۇ. بەزى ئىشلارنى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ۋە تەلپى قىستىغاندا، كىشىلەرنىڭ ئېڭى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندە ئۆزلۈكىدىن ئوڭشىلىدۇ. يەنە بەزى ئىشلار چەكلەش تۈسىنى ئالغان بۇيرۇق ۋە تۈزۈم، ھوقۇقنىڭ كۈچ كۆرسىتىشى بىلەن ئوڭشىلىدۇ. كىشىنى تەرەققىياتتىن مەھرۇم قالدۇرىدىغان، ۋاقتى ئۆتكەن ناچار ئۆرپ - ئادەتلەر خۇددى چىن تۆمۈر باتۇر قىسسەسىدىكى مەختۇمسۇلانىڭ قېنىنى ئىچكەن جادۇگەر ئالۋاستىغا ئوخشايدۇ. ئۇ ئىدىيەدىن ئىبارەت «قان»نى شوراپ ئادەمنى مەنىۋى جەھەتتىن ھالسىرىتىدۇ. مەيلى قانداق سەۋەب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ تۇرمۇشى باشقىلارنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتۈپ كەتكەندە، جامائەتچىلىك قارىشىنى زىيادە چوڭ بىلىش بەدىلىگە ئۆزىگە ئىشىنىش ئېڭىنى يوقىتىپ قويغاندا، ئىجادىيەت ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنغان بايلىقلاردىن پايدىلىنىشنى بىلمەي، تۆت كۈنلۈك جاھاننىڭ راھىتىنى سۈرمەيلا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىشلىرى ئەقىل ئىگىلىرىنى ئويلاندۇرماي قالمايدۇ. ئۆزىنى سۆيۈشنى، ئۆزىنى قەدىرلەشنى بىلمىگەن ئادەم باشقىلارنى سۆيۈشنى ۋە قەدىرلەشنى بىلمەيدۇ، ئۆزىنىڭ ھاياتىغا مەسئۇل بولالمىغان ئادەم قەدىر - قىممەتسىز ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە، كاللىسى سەگەك بىر قىسىم ئىرادىلىكلەر ئىدىيەۋى چۈشەكلەرنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىگە خاس يول تۇتۇپ ھەرقايسى ساھەلەردە كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ئاجايىپ كاتتا نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرمەكتە. ئۇلارنىڭ بۇ خىل روھى كىشىلەرگە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلىدىغان تولىمۇ قىممەتلىك روھ ھېسابلىنىدۇ. بىز بۇ خىل روھتىن قۇۋۋەت ئېلىپ ئۆز تەبىئىتىمىزدىكى ئاجىزلىقلارغا ئۈنۈملۈك جەڭ ئېلان قىلىشنى بىلسەكلا، ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلەيمىز. ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ئۇ قەدەر يەڭگىل بولمايدىغان كۈچمۇ ئەمەس، يىغىشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئۇ يەنىلا ئۆزىڭىزگە باغلىق. ئەمما، سىز بىر سەۋىيەلىك، ساپالىق ئادەم تۇرۇپ نادانلار توپى شەكىللەندۈرگەن كىشىلىك

مۇناسىۋەتلەر قايىنمىدىن چىقىپ كېتەلمىسىڭىز، ئۇلارنى توغرا يولىنىشكە يېتەكلىيەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۆزىڭىزگە خاس يول تۇتالمىسىڭىز، ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا باغلانغان تۆگىدەك ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشسىڭىز، بۇ سىزنىڭ مەغلۇبىيىتىڭىز، پاجىئەلىك قىسمەتلەرگە يۈزلەنگەنلىكىڭىزنىڭ بېشارىتىدۇر. ئويلاپ كۆرۈڭ، سىز تۇرمۇشىڭىزنى ئۆزىڭىز يارىتىسىز، باشقىلار سىزنىڭ ئاش-نېنىڭىزنى بەرمەيدۇ، قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، بېشىڭىزغا كۈن چۈشكەندە ئاشۇ سورۇنداشلىرىڭىز ئىچىدە دەردىڭىزگە دەرمان بولىدىغانلىرى زادى قانچىلىك؟ سىز بېرىشنى خالىمىغان يەرلەرگە بارمىسىڭىز، خاتا دەپ قارىغان ئىشلارنى قىلمىسىڭىز باشقىلار سىزنى نېمە قىلالايدۇ؟ مېنىڭچە سىز پەقەت ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز تاقاق سېلىۋالغان، ئاشۇ تاقاقتىن قۇتۇلسىڭىزلا يېڭى بىر دۇنيا كۆز ئالدىڭىزدا نامايەن بولىدۇ. سىز بىر پاكىتنى بىلىشىڭىز كېرەككى، تەرەققىياتنى چەكلەش قىلمىغان جامائەتچىلىك ئېڭىنىڭ ھۆلى ئاجىز بولۇپ، ھەقىقىي ئىچكى ئۈيىششى كۈچىگە ئىگە بولمايدۇ، مەنپەئەت توقۇنۇشلىرىغا يولۇققاندا ئاسانلا چەك-چېكىدىن بۆسۈلۈپ كېتىدۇ. ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرمىغان ئادەم ھامان ئاجىزلار توپىغا مەنسۇپ بولىدۇ. ئاجىزلار پەقەت غەيۋەت-شىكايەت قىلىش ئارقىلىقلا نارازىلىق ۋە قورساق كۆپىكىنى چىقىرىشقا ئادەتلەنگەن، چوڭ ئىشلار قولىدىن كېلىشى ناتايىن. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزگە خاس يول تۇتۇپ ئۆزىڭىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ كۈچلۈكلەر قاتارىغا ئۆتسىڭىز، غەيۋىتىڭىزنى قىلىشىدىغان ئاجىزلار سىزنى بىردىنلا ماختايدىغان بولۇشۇپ كېتىدۇ. ئەگەر سىز ئۇلارغا ئازراق نەپ يەتكۈزسىڭىز، يامان ئىشلارنى قىلغان تەقدىرىڭىزدىمۇ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ياخشى گېپىڭىزنى قىلىشىدۇ. موھتاجلىق ئىچىدە ياشاۋاتقانلارنىڭ تەبىئىتى ئەنە شۇنداق ئاجىز بولۇپ ئۇلاردا مەيدان دېگەن نەرسە بولمايدۇ، كىمدىن ئازراق نەپ تەگسە شۇنىڭ گېپىنى قىلىدۇ. ئاجىز ئىكەنسىز كۈچلۈكلەرنىڭ ئالدىدا «لەببەي» دەپ قول باغلاپ تۇرۇشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. سىز قۇرۇق گەپ بىلەن باشقىلارنى ئۆزگەرتەلمەيسىز، ئەمەلىي ھەرىكىتىڭىز ئارقىلىقلا باشقىلاردىن ئۇزاپ كېتەلىسىڭىز، ئۇلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىڭىزگە قارىتالايسىز. سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە كۈندە شورپا قاينىسا، ئەتراپىڭىزدىكى زاغرا يەۋاتقانلارنىڭ شورپا ئىچكىسى كەلمەي قالارمۇ؟ بۇ جاھاندا شورپا ئىچىشتىن زاغرا غاجىلاشنى ياخشى كۆرىدىغان كىم بار؟! دېمەك، ياخشى تۇرمۇشقا ھەممە ئادەم ئىنتىلىدۇ، نامرات ناچار تۇرمۇشتىن ھەممە ئادەمنىڭ قۇتۇلغۇسى كېلىدۇ. سىز ئۆزىڭىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ۋاز كېچىشنى بىلسىڭىز، دەسلەپتە كىشىلەرنىڭ ئەيىبلەشلىرىگە ئۇچرىغىنىڭىز بىلەن، ئاخىرقى ھېسابتا ماختىلىدىغان ئوبيېكتقا ئايلىنىپ قالىسىز. شۇنىڭ بىلەن سىزگە ئەگىشىدىغانلار بىردىن، ئىككىدىن ئاۋۇشقا باشلاپ تەدرىجىي ھالدا ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات باش كۆتۈرۈشكە باشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن پاسسىپ ھالەتتە ياشىغۇچىلار ئامالسىز ئارقىڭىزدىن ئەگىشىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ياخشى بىر ئېقىم ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئۆزگەرتىشىدىن شەكىللىنىدۇ. نەتىجە قازىنىۋاتقانلارنىڭ روھىنى قىممەتلىك روھ دېيىشىمىزدىكى سەۋەبمۇ شۇ ۋەجىدىندۇر.

مۇستەقىل مەيدانى بولمىغان، باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشىگە زىيادە ئېتىبار بىلەن قارايدىغانلار باشقىلارنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلىرىنى بىلىشكە، تىڭتىڭلاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن بولۇپ، باشقىلار ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى ئاڭلاشقا شۇ قەدەر خۇشتار. شۇڭا تۆت ئادەم بىر يەرگە يىغىلسا پاراڭنىڭ تېمىسى كۆپىنچە باشقىلار ھەققىدە بولىدۇ، بۇنداق پاراڭلارغا غەيۋەت-شىكايەت

يانداشقان بولىدۇ. كوچىدا بىرەر تونۇشى ئۇچراپ قالسا «نەگە باردىڭ، نەدىن كېلىۋاتىسەن، نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىسەن، پالانچىنىڭ ئىشىنى ئۇقتۇڭمۇ؟» دېگەندەك قارشى تەرەپنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىغا ئائىت ئۇچۇرلىرىنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرگىچە سوراپ بىلىۋېلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان بولىدۇ. باشقىلار ھەققىدىكى ئۇچۇرلارغا ئېرىشىش قانداقتۇر مەزكۇر كىشىگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە كۆيۈنۈشنى ئاساسىي مەقسەت قىلماستىن، بەلكى باشقىلارنىڭ تۇرمۇشى، باشقىلارنىڭ مەغلۇبىيىتى ئارقىلىق ئۆزىگە تەسەللى ئىزدەشنى ياكى جامائەتچىلىك ئېڭىنى كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ئىشەنچىسى ئاجىز بولغاچقا، يەنە كېلىپ باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قانداق باھالارنى بېرىشىگە زىيادە ئېتىبار بىلەن قارىغاچقا، ئېنىقنى ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ ياخشى باھاسىنى ھەر ۋاقىت تاما قىلىپ تۇرغاچقا ياخشىچاق بولۇش، ئورۇنسىز ماختاش، باشقىلارنىڭ رايىغا بېقىپ ئىش كۆرۈش خاھىشى بىرقەدەر كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ خىل خاراكتېردىكى ئادەملەرنىڭ دىلى بىلەن تىلى بىردەك بولمايدۇ، ياسالما گەپلەرنى كۆپ قىلىدۇ، ئېغىزىدىن چىقىۋاتقانلىرىنىڭ ھەقىقىي يۈرىكىدىكى گەپ ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ. كۆڭلىدىكى گەپنى ئېيتماسلىق، ئالدىدا بىر خىل كەينىدە بىر خىل گەپ قىلىش، ھېلى ماختىغان ئادەمنى باشقىلار ئەيىبلىسە مەيدانىنى ئۆزگەرتىپ ئۇلارغا قېتىلىپ كېتىش، يۇملاق تاۋۇزدەك كىم كۈچلۈك كەلسە شۇ تەرەپكە ئېغىش بۇنىڭ ئىپادىلىرىدۇر.

بىز يالغان تەكەللۇپ سۆزلەرنى دائىم دېگۈدەك ئىشلىتىپ تۇرىمىز، مەسىلەن، سىز سەپەر جەريانىدا تونۇشۇپ قالغان سەپەرداشلىرىڭىز بىلەن پاراڭلىشىش جەريانىدا خېلى چىقىشىپ قالغان بولسىڭىز، مەنزىلىڭىزگە بالدۇر كېلىپ ئۇلار بىلەن خوشلاشماقچى بولغاندا: «ئۆيگە بېرىپ بىرەر كۈن ھاردۇق ئېلىپ قايتىماسسىلەر» دېگەندەك تەكەللۇپ گەپلەرنى قىلىسىز. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئۆيىڭىزگە بارمايدىغانلىقى، سىزنىڭمۇ ئۇلارنى ئۆيگە ئاپىرىش مەقسىتىڭىزنىڭ يوقلۇقى ئۆزىڭىزگە ئايان. بۇنداق ياسالما گەپنى قىلغاندىن «سەپىرىڭلارغا ئاق يول تىلەيمەن» دېگەندەك گەپلەرنى قىلساق سەممىي گەپ قىلغان بولىمىز. گەرچە ئۆيدە مېھمان كۈتكۈدەك ھەپسىلىڭىز بولمىسىمۇ، كۆرۈشمىگىلى خېلى ۋاقىتلار بولغان بىرەر يېقىنىڭىزنى ئۇچراتقىنىڭىزدا «ۋاقتىڭلار چىققاندا بالىلارنى ئېلىپ ئۆيگە كەلمىسەڭ رەنجىيمەن جۇمۇ» دېگەندەك تەكلىپ ۋە تەكەللۇپ سۆزلىرىنى قىلىپ كېتىسىز. ئەمەلىيەتتە بۇ گەپلەرنىڭ رەسمىيەت يۈزىسىدىن دېيىلىۋاتقان گەپلەر ئىكەنلىكى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كۆڭلىگە ئايان. تېلېفوندا قارشى تەرەپكە «مانا كېلەيلا دەپ قالدىم» دەيسىز، ئەمەلىيەتتە ئۆيدە جابدۇنۇۋاتقان بولىسىز. گەرچە دەرس ئاڭلاش جەريانىدا دەرس ئۆتكۈچىنىڭ بىر مۇنچە نۇقسانلىرىنى بايقىغان بولسىڭىزمۇ، باشقىلارغا يامان كۆرۈنۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ئارتۇقچىلىق تەرەپلىرىنى سۆزلەپ كەمچىلىكنى تىلغا ئالغىڭىز كەلمەيدۇ. يىغىنلاردا بىرى خاتا پىكىر قىلىۋاتقان بولسىمۇ ئىككى ئېغىز ئادىل پىكرىڭىزنى قىلماي سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋالىسىز. بۇنىڭغا ئوخشاش سەممىي بولماسلىق، كۆڭۈلدە نېمىنى ئويلىغان بولسا شۇنى دېمەسلىك، ئەسلىي ماھىيەتتىن چەتنەپ كېتىش روھىي ئاجىزلىقنىڭ بەلگىسى بولۇپ، دىل بىلەن تىلنىڭ ئايرىلىقى بۇنداق يىراقلاپ كەتكەندە شەكىلۋازلىق، ئىككى يۈزلىمىچىلىك قىلمىشلىرى ئەۋج ئېلىپ، ئاددىي بىر مەسىلىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىدۇ. بىز كىنولاردىمۇ نەق گەپنى دەۋەتمەي كۆرۈرمەنلەرنىڭ ئىچىنى سىقىۋېتىدىغان كۆرۈنۈشلەرنى كۆپ ئۇچرىتىمىز.

مەسىلە ئېنىق، توغرا ئوتتۇرىغا قويۇلسا ھەل قىلىشمۇ ئاسان بولىدۇ، ياسالما گەپ، ياسالما ھەرىكەتلەر تەرەققىياتنى ئېغىر دەرىجىدە چەكلىمىگە ئۇچرىتىدۇ. چۈنكى كۆڭۈلدىكىنى ئاشكارىلىماسلىق مۇرەككەپ روھىي ھالەت ۋە پسىخىك توسالغۇلارنى پەيدا قىلىپلا قالماي، كىشىلەرنى بىر - بىرىگە گۇمان بىلەن قارايدىغان، «ئاغزىدا كۈلكە چاقچاق، قويىندا پالتا - پىچاق» دېگەندەك خەتەرلىك ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ.

ھەرىكىلەرگە ھەرگىز قۇرۇق قول بارمايسىز، ئاپارغان پۇل ۋە ماللىرىڭىزنى ھەرگىز كۆڭلىڭىزدىن بىراقلا ساقىت قىلىۋەتمەيسىز، چۈنكى «كۆڭۈل» قىلىشتىكى مەقسىتىڭىز سىز مەرىكە قىلغاندا ئۇلارنىڭمۇ ئاپارغىنىڭىزنى ئەكىلىشى ئۈچۈندۇر. بېرىش - كېلىشلەردىكى «كۆڭۈل» قىلىش ئىشلىرى بولسۇن، بىراۋلارنى مېھمان قىلىش، يوقلاش، بىرلىرىنىڭ ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرىش دېگەنگە ئوخشاش ئىشلار بولسۇن، ئىشقىلىپ باشقىلارغا ئۆتكۈزگەنلىرىڭىزنىڭ ئىنچىكە ھېساب كىتابىنى كۆڭلىڭىزگە پۈكۈپ قويغان ياكى دەپتىرىڭىزگە خاتىرىلەپ ماڭغان بولىسىز. ئىقتىسادىي مۇئامىلىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بۇ خىل ئادەمگەرچىلىكنىڭ قائىدىسى مۇنداق: سىز ئاپىرىسىز ئۇمۇ تەڭ قىممەتتە ئەكىلىدۇ، سىز بارىسىز ئۇ كېلىدۇ، بۇ خىل بېرىش - كېلىش ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىدۇ، كېڭىيىپ بارىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ قەرز بېرىش ۋە قەرز قايتۇرۇش مۇناسىۋىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر مۇنچە ئۆمرىڭىزنى خەجلەيسىز. ئايرىم ئەھۋاللاردا ئاشخانىلاردا بىراۋلارنىڭ تاماق پۇللىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تۆلىۋېتىسىز، بۇنى كىشىلەر يامان ئىش دەپ قارىمايدۇ، بۇنداق ئىشلار نەزەرىمىزدە سېخىيلىق ھېسابلىنىدۇ، قارشى تەرەپمۇ ئابرۇيىنى قىلغانلىقىڭىزدىن تەسىرلەنمەي قالمايدۇ. مەيلى سىز پۇلنى چىن كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىڭ ياكى چىقارماڭ، بۇ خىل كۆڭۈلنىڭ كەينىگە مەلۇم مۇددىئا يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ھېچ بولمىغاندا بۇ ئارقىلىق مېھماندوستلۇقىڭىزنى، سېخىيلىقىڭىزنى نامايان قىلماقچى بولىسىز. مەسىلىنى ئەقىل نۇقتىسىدىن ئويلاپ كۆرسەك، باشقىلارنىڭ تاماق پۇلىنى ھېچ سەۋەبسىزلا تۆلەپ قويۇش ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش. چۈنكى، پۇل ئەجىر ئەمگەكنىڭ قىممىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى بەدىلىگە كەلگەن ئاش - نان قەندەك تېتىيدۇ، بەدەنگە ياخشى سىڭىدۇ. ئەگەر سىز باشقىلار يېگەن تاماقنىڭ پۇلىنى تۆلىۋەتسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ ھەم قارشى تەرەپنىڭ ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلمىغان بولىسىز، ھېچ بولمىغاندا قارشى تەرەپنى ئادەمگەرچىلىككە قەرزدار قىلىپ قويىسىز، بىر خىل بېسىم تۇيغۇسى پەيدا قىلىپ قويىسىز. باشقىلارنىڭ ئۆز ئەمگەك مېۋىسىدىن ھوزۇرلىنىشقا توسالغۇ بولۇش كۆڭۈلدە شەك پەيدا قىلماي قالمايدۇ. يەنە كېلىپ بۇنداق قىلىشنىڭ ھېچقانداق سەۋەب نەتىجە مۇناسىۋىتى يوق. تاماق يېيىشكە پۇلى يوقلارنىڭ پۇلىنى تۆلىسىڭىز ياخشى ئىش قىلغان بولىسىز. ھېساب - كىتاب دۇرۇس بولغاندا كۆڭۈل يورۇق ۋە ئازادە بولىدۇ، كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ھۆلىنى تېخىمۇ چىڭىتقىلى بولىدۇ. بىر ئىشنى قىلىپ بولۇپ مىننەت قىلسىڭىز، تېشىڭىزدا ئاكتىپ بولۇپ ئىچىڭىزدە نارازى بولسىڭىز كىشىلىك مۇناسىۋەتتە مەسىلە كۆرۈلمەي قالمايدۇ.

يۇقىرىقىلارغا ئوخشاش دىلى بىلەن تىلى بىردەك بولماسلىقمۇ ياسالما جامائەتچىلىك قارىشىنىڭ مەھسۇلىدۇر. سۇلايمان قەييۇم «پەلسەپىنىڭ ئىككى شېخى» («تەپەككۇر» ژۇرنىلى، 2015 - يىلى 3 - سان) ناملىق ماقالىسىدە، توماس ئىسىملىك بىر ئوتتۇرا ئاسىياشۇناس گېرمانىنىڭ 2005 - يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر قېتىملىق

نۇتقىدا تولىمۇ قىزىقارلىق قىلىپ: «بىر ئۇيغۇر دوستۇمنىڭ ئۆيىدە مېھماندارچىلىقتا بولدۇم. كەچتە ‹قونۇپ قېلىڭ› دېدى، ماقۇل دەپ قونۇپ قاپتىمەن. كېيىن بىلسەم بۇ مۇنداقلا دەپ قويغان تەكەللۇپ گەپكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى ئادەتلىرىنى چۈشەنمەك راستلا تەسكەن. بىزدە قوندۇرغۇسى بولمىسا ئۇچۇقلا قونۇپ قال دېمەيمىز، مېھماننىڭ رايىغا باقىمىز، ھەرگىز زورلىمايمىز» دېگەنلىكىنى تىلغا ئالدۇ. «مەن»نى زىيادە مەركەز قىلىۋېلىش ھېسسىياتىنى قۇرغاقلاشتۇرۇپ، كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتنى سۇسلاشتۇرۇشى؛ جامائەتچىلىك ئېڭىنىڭ زىيادە كۈچلۈك بولۇشى ئادەمنى ئەقىل - پاراسەتتىن ياتلاشتۇرۇشى مۇمكىن. شۇڭا كاللىنى ئىشلىتىپ توغرىسىنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ياشاش جەريانى ھايات بىلەن ئۆلۈمنىڭ تىركىشىشىدۇر، ياشاش - قىيىنچىلىقلار بىلەن كۈرەش قىلىش جەريانىدۇر. ئەگەر سىز قىيىنچىلىقلارغا ئاكتىپ پوزىتسىيەدە يۈزلەنسىڭىز ھايات سىزگە كۈلۈپ باقىدۇ، قىيىنچىلىقتىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇش پوزىتسىيەسىدە بولسىڭىز قىسمەتلىرىڭىز تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدىكى رىقابەت يېڭىش ۋە يېڭىلىش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. ئالدى بىلەن ئۆزىنى يېڭەلمىگەن، ئۆزىدىن غالىب كېلەلمىگەن ئادەم باشقىلارنى يېڭەلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئالايلى، ئەتىگەندە چېنىقىش پىلانىنى يولغا قويماقچى بولغان بولسىڭىزمۇ، سەھەرنىڭ تاتلىق ئۇيقۇسىدىن كېچەلمەي ئىشنى باشلاپ قويۇپ ھەپتە داۋاملاشتۇرمايلا بولدى قىلدىڭىز. مەنۋىيىتىڭىزنى بېيىتىش، كېرەكلىك بىلىملەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن كىتابخانىدىن بىر نەچچە پارچە كىتاب سېتىۋالغان بولسىڭىزمۇ، ئەمما ھورۇنلۇقىڭىز تۈپەيلى ۋاقتىنى كېيىنگە تارتىپ ھازىرغىچە كىتابنى قولىڭىزغا ئېلىپ باقمىدىڭىز. بىرەر تىل ئۆگىنىش ئويى خېلىدىن بېرى كاللىڭىزدا شەكىللەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆگىنىشنى باشلاپ بولالمىدىڭىز ياكى باشلىغان بولسىڭىزمۇ ھەر كۈنى پىلانىڭىزنى ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلالمىدىڭىز ۋە ياكى ئازراق ئۆگىنىپ قويۇپ توختىتىپ قويدىڭىز. بىرەر ھۈنەر ياكى كەسىپنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئىشنى باشلاپ قويۇپ يېرىم يولدا بەل قويۇۋەتتىڭىز. باردى - كەلدى ئىشلىرىنى قىسقارتىپ دىققىتىڭىزنى ئۆزىڭىزنىڭ ئىشلىرىغا كۆپرەك قاراتماقچى بولدىڭىز - يۇ، لېكىن ئۇنداق قىلالمىدىڭىز. زەھەرلىك ئىچىملىك ۋە چېكىملىكلەردىن قول ئۈزۈش ئىرادىسىگە كەلگەن بولسىڭىزمۇ، ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتمىدىڭىز. قىسقىسى، سىز نۇرغۇن ئىشلارنى كۆڭلىڭىزدە قىلىشنى ئويلىغان بولسىڭىزمۇ لېكىن ئىرادىسىزلىكىڭىز تۈپەيلى ئەرزىمەس باھانە - سەۋەبلەر بىلەن ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز ئالداپ بىرەر ئىشنىمۇ ۋۇجۇدقا چىقىرالمىدىڭىز. مانا بۇلار ئۆزىڭىزنى يېڭەلمەسلىكىنىڭ ئىپادىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئامېرىكىلىق نېفت ماگناتى پائول گېتتىي بىر كۈنى سەپەر ئۈستىدە بىر مېھمانسارايدا قونۇپ قالىدۇ. ئۇ تاڭ سەھەردە ئويغىنىپ كېتىپ، بىر تال تاماكا چەككۈسى كېلىدۇ. تاماكىسى تۈگەپ كەتكەچكە تىت - تىت بولۇشقا باشلايدۇ. بىراق بۇ كېچىدە تاماكا ئەكىلىش ئۈچۈن كىيىملىرىنى كىيىپ، نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى پويىز ئىستانسىسىغا بېرىشقا توغرا كېلەتتى. تاماكا بولمىغانسېرى ئۇنىڭ تاماكا خۇمارى كۈچىيىپ كېتىدۇ. ئۇ ئاخىر تاماكا ئەكېلىشكە جابدۇنۇۋېتىپ توساتتىن توختاپ ئۆز - ئۆزىگە: «مەن نېمە قىلىۋاتىمەن؟ ساپاسى شۇنچىلىك يۇقىرى بىر ئادەم، تېخى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر سودىگەر، باشقىلارغا بۇيرۇق چۈشۈرەلەيدىغان ئەقىلگە ئىگە بىر ئادەمنىڭ يېرىم كېچىدە، قاتتىق يامغۇردا خېلى ئۇزۇن يولنى مېڭىشى، پەقەت بىر تال تاماكا ئېلىش

ئۈچۈنمۇ؟ بۇ قانداق ئادەت؟ بۇ ئادەتنىڭ تەسرى ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك شۇنچە زورمۇ؟» دەپ سوئال قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ قۇرۇق تاماكا قېپىنى پومىلاپ ئەخلەت چېلەكگە تاشلايدۇ. خۇددى بىر نەرسىدىن قۇتۇلغاندەك، ھەتتا غەلىبە قىلغاندەك ھېسسىيات بىلەن نەچچە مىنۇتتىن كېيىنلا ئۇيقۇغا كېتىپ قالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ پەقەت تاماكىنى ئېغىزىغا ئېلىپ باقمايدۇ. تاماكا چېكىشكە ئادەتلەنگەنلەرنىڭ تاماكا تاشلىشى كاتتا بىر ئىش. چۈنكى، ئىرادىسى بۆلەكچە كۈچلۈك كىشىلەرلا تاماكا تاشلاش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. پائول گېتتىي يۇقىرى ساپالىق كىشى بولغاچقا ئەقلىي نۇقتىدىن ئۆزىگە سوئال قويۇپ، ئۆز تەبىئىتىدىكى بۇ خىل ئاجىزلىققا قارىتا قاراشنى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆزىنى يېڭەلىگەن. بۇنىڭدىن ئاتاقلىق ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى يېڭىش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۆزىنى يېڭىش دېگەنلىك تەبىئىتىدىكى ئاجىزلىقلارغا جەڭ ئېلان قىلىش دېمەكتۇر. ناچار ئادەتلىرىڭىزنى ئۆزگەرتىش، خاراكتېر ئالاھىدىلىك جەھەتلەردىكى نۇقسانلارنى تۈزىتىپ ساغلام خاراكتېر يېتىلدۈرۈش، ئىرادىڭىز ئاجىز بولسا ئۇنى كۈچەيتىش، ھورۇنلۇق ۋە سۇرەلمىلىكىڭىزنى ئىشچان، چاققانلىققا ئۆزگەرتىش، بىلىمىڭىز كەمچىل بولسا ئۇنى تولۇقلاش، يوشۇرۇن ئىقتىدارىڭىزنى نامايان قىلىش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش، مۇستەقىل خاراكتېر يېتىلدۈرۈش... ئۆزىنى يېڭىشنىڭ ئىپادىلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۆزىنى يېڭەلىگەن ئادەم ھەقىقىي غالىبلاردىن بولۇپ باشقىلارغىمۇ تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ، ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنغان كۈچ - قۇدرەتنى نامايان قىلالايدۇ، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ پەلەمپەيلىرىدە بالداقمۇ بالداق يۇقىرى ئۆرلىيەلەيدۇ. ئۆزىنى يېڭەلمىگەن ئادەم بىر مەغلۇبىيەتچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھاياتنىڭ يۈزە قاتلاملىرىدا ئۆزىنى - ئۆزى ئالداپ، باشقىلارنىڭ چىرايى، باشقىلارنىڭ ئېغىزىغا قاراپ ياشاپ ھاياتنى نەتىجىسىز ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ.

بەزىلەر: «بۈگۈنكى كۈندە ئاجرىشىش نىسبىتىنىڭ ئېشىپ بېرىشى سانسىزلىغان بالىلارنى بەختسىزلىك پاتقىقىغا پاتۇرۇپلا قالماي، جەمئىيەتكە نىسبەتەن يوشۇرۇن خەۋپنى كۈچەيتمەكتە، بالىلارنى ياخشى تەربىيەلىمەسلىك كەلگۈسىنى نابۇت قىلغانلىق بىلەن باراۋەر» دېگەنگە ئوخشاش دەپەدەپىلىك گەپلەرنى قىلىشىدۇ - يۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرى ئائىلىسىگە، پەرزەنتلىرىگە ھەقىقىي مەسئۇل بولۇشنى بىلمەيدۇ، ھەتتا كىچىك ئىشلار تۈپەيلى ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىشىدۇ. ئايرىم ساندىكى ئوقۇتقۇچىلار مائارىپنىڭ رولى، ئەھمىيىتى، تەخىرسىزلىكى ھەققىدە ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىشىدۇ - يۇ، بىرەر قېتىم بولسىمۇ پىشانىسىدىن تەر چىققۇدەك دەرس سۆزلەپ باقمايدۇ. بەزىلەر ئاتا - ئانىنىڭ ھايات ۋاقتىدا قەدرى - قىممىتىنى قىلىۋالمىسا، كېيىن ئاچچىق يۇتۇپ قالىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەز ئېيتىشىدۇ - يۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرى شۇنداق قىلىپ بولالمايدۇ. يەنە بەزىلەر بىلىمسىزلىكنىڭ قىسمەتلىرى، ئۆگىنىشنىڭ تەخىرسىزلىكى ھەققىدە مەدداھلىق قىلىشقىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۆزى ئۆگەنمەيدۇ. بەزىلەر ۋاقىتنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ھەسرەت يۇتىشىدۇ - يۇ، ۋاقىتنى قەدىرلەشنى بىلمەيدۇ. ئېغىزىدا دېگەن بىلەن ھەرىكەتتە ئىپادە قىلمىسا ھەرقانداق بىر ئىشتىن ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ھازىرقى دەۋر مەدداھلىق قىلىدىغان دەۋر ئەمەس، كىشىلەرگە بىر ئىشلارنى «ئەسلىدە مۇنداق قىلغان بولسا، ئۇنداق قىلغان بولسا بولاتتى» دەپ زېغىرلاپ چۈشەندۈرۈپ كېتىشىڭىزمۇ ھاجىتى يوق. پەقەت ئۆزىڭىز توغرا دەپ قارىغان ئىشلارنى باش چۆكۈرۈپ قىلسىڭىزلا، ئەمەلىي ھەرىكىتىڭىز ئارقىلىق ئۆزىڭىزنى نامايەن قىلىشنى بىلسىڭىزلا

جانلىق تەربىيە ئۈنۈمىدىن ئارتۇق بولمايدۇ.

بەزىدە توغرا دەپ قارىغان ئىشلارنى ئەمەلدە كۆرسىتەلمەسلىكنىڭ ئوبيېكتىپ سەۋەبلىرى بولىدۇ. لېكىن ئىرادىلىك، ئەقىل - پاراسەتلىك ئادەملەرگە نىسبەتەن بۇ جاھاندا مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلار بولمايدۇ. ئەگەر ئەينەكنىڭ بىر يۈزىگە كۈمۈش يالىتىپ قويۇلسا ئۆزىڭىزنىلا كۆرۈپ سىرتقى دۇنيانى كۆرەلمەيسىز. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئەل قاتارى ياشايدىغان ئادەتتىكىچە تۇرمۇشقا، تەكرار ھاياتقا كۆنۈپ قالسىڭىز، بۇ خىل ئادەت كۈمۈشنىڭ رولىنى ئۆتەپ قالىدۇ - دە، ئىدىيە قاراشلىرىڭىز ئاشۇ خىل تۇرمۇش رامكىسى ئىچىدە تۇنجۇقۇشقا باشلايدۇ. خۇددى شۇنچە ئىشلارنى تەۋرىتىشكە قادىر سۇن ۋۇكۇڭ تاڭ سېڭنىڭ چەمبىرىكىدىن چىقالمىغىنىدەك، سانسىزلىغان كىشىلەر ئۆزلىرى پەيدا قىلىۋالغان روھىي توسۇقنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىيالماي ئىقتىدار ۋە تالانتىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە سىناپ كۆرسىڭىز، ئورۇنۇپ باقسىڭىز بەزى ئىشلارنىڭ سىز ئويلىغاندەك ئۇنچە مۇرەككەپ ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىسىز. بىز ئۆزىمىزنى توغرا تونۇمىساق، ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىدارىنى چۈشەنمىسەك ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشنى بىلمىسەك بۇ ھاياتتا تارتىدىغان زىيانلىرىمىز ھەسسىلەپ ئارتىپ كېتىدۇ. بىزگە نىسبەتەن مۇھىم بولغىنى باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشى ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقىلارنىڭ باھاسى ئىچىدە ياشاش قىممىتىڭىزنى بىر پۇلغا ئەرزىمەس قىلىپ قويىدۇ، مۇھىمى ئۆزىڭىزنىڭ ساغلام دۇنياسىنى بەرپا قىلىشتۇر.


2017 - يىلى 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

ئاپتور: قورغاس ناھىيەلىك تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە


## جىددىي ئاگاھلاندۇرۇش

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ھەرقانداق ئەسەرنىڭ قايتا نەشر قىلىش ھوقۇقى پەقەت ژۇرنال تەھرىراتىغىلا خاس. ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ھەرقانداق شەكىلدە (ئاۋازلىق ئەسەر ئىشلەش، تورغا چىقىرىش، توپلام تۈزۈش ۋە باشقىلار) تەھرىراتىمىزنىڭ رۇخسىتىسىز قايتا نەشر قىلىشىغا بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق ئەھۋال بايقالسا قانۇنىي جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ژۇرنال تەھرىراتىمىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»دە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقى ۋە قايتا نەشر قىلىنىش ھوقۇقىنى قانۇنغا تايىنىپ قوغدايدۇ. بۇ جەھەتتىكى قانۇنسىز قىلمىشلارنى پاش قىلغۇچىلارغا تەھرىراتىمىز ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن رەھمەت ئېيتىدۇ.

**«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى**



# «تىلماچلار چايخانىسى» دىكى پاراڭلار

## ئاخبارات مۇخبىرلىرىنىڭ ئەخلاق ئاساسىي چېكى — تارىخنى ھەقىقىي خاتىرىلەش

چوڭ گېزىتتە خىزمەت قىلغان بىر مۇخبىر پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، ئۆزى يازغان خەۋەرلەرنى رەتلەپ توپلام چىقارماقچى بولغان چاغدا، بىردىنلا بىر ئۆمۈر يازغىنى بىلەن تاللاشقا ئەرزىگۈدەك، قىممىتى بار بىرەر پارچە خەۋەرنىڭمۇ يوقلۇقىنى بايقاپ ھۆكرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

ئۇ نېمە ئۈچۈن يىغلىغان؟ چۈنكى، ئۇ مۇخبىر بولۇپ تۇرۇپ تارىخنى ھەقىقىي خاتىرىلىمىگەن. ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر ئىشلىگەن كەسپىنىڭ قىممىتى ئەمەلىيەتتە نۆلگە تەڭ بولغان.

خەۋەر دېگەن نېمە؟ خەۋەر دېگەن ئەتىكى تارىخ. تارىخنىڭ ئەڭ مۇھىم يېرى نېمە؟ ئەڭ مۇھىم يېرى چىنلىق! ئەگەر بىز ھازىر يازغان خەۋەرلەر پەقەت بىر دۆۋە يالغان، قۇرۇق نەرسە بولسا، ئۇنداقتا تارىخىي قىممىتى جەھەتتىن ھۆكۈم قىلغاندا ساختا تارىخ بولىدۇ، مەيلى سەن ئەينى چاغدا قانچىلىك ۋاقىت ۋە زېھنىڭنى سەرپ قىلغىنىڭدىن قەتئىينەزەر، نەتىجە مۇقەررەر نۆل بولىدۇ.

ئەپسۇسكى، بۇ پېشقەدەم ئەپەندىنىڭ يىغىسى بىر ئاز كېچىكىپ قالغان.

2

جۇڭگودىكى ئەڭ ئۇلۇغ مۇخبىر كىم؟ بۇنىڭدىن 2000 يىل ئىلگىرىكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى سىما چيەن.

توغرا، ئۇ بىر تارىخشۇناس، ئۇنىڭ «تارىخنامە» دېگەن ئەسىرى ئىنسانىيەت ئەدەبىياتى ۋە تارىخشۇناسلىق جەھەتتە ئېشىپ كېتىش قىيىن بولغان يۇقىرى پەللە. ئۇ نېرىسى خۇاڭدىدىن

تەرجىمە كۆزنىكى

تارتىپ، بىرىسى خەنزۇدى دەۋرىگىچە بولغان 3000 نەچچە يىللىق شەرق مەدەنىيەت تارىخىنى يازغان، لېكىن ئەڭ ياخشى، ئەڭ ئېسىل يازغىنى يەنىلا ئۇ ئۆزى ياشىغان خەنزۇدى دەۋرى بولۇپ، ئۇ يامان ئىشلارنى يوشۇرماي، كۆپتۈرۈپ يالغاندىن مەدھىلىمەي، تارىخنى بىۋاستە، ھەقىقىي خاتىرىلىگەن. چۈنكى، ئۇ شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ئالدىنقى 3000 نەچچە يىللىق تارىخىنى مۇكەممەل ساقلىنىش ۋە تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇنىڭ ئەينى چاغدا قىلغان ئىشى لاياقەتلىك مۇخبىرنىڭ قىلغان ئىشىدىن ئىبارەت.

«تارىخىي خاتىرىلەر»نى ئوقۇسا، ئۇنىڭدىن بىر خىل قەھرىمانلىق جاسارىتى چىقىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، سىما چيەن چىنلىقنىڭ ئۆزى كۈچ ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن. ئۇ «تارىخىي خاتىرىلەر»نى يېزىشنى باشلىغان كۈنىلا، يېزىۋاتقانلىرى ھەقىقىي بولغانلىقى ئۈچۈن چوقۇم كېيىنكى دەۋرلەرگە تارقىلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەن.

3

مۇخبىر ئەمەلدارلار ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پۇقرالار ئۈچۈن يازىدۇ. نېمە ئۈچۈن پۇقرالار دەۋرىدىكى بەزى چوڭ گېزىتلەر مۇخبىرنىڭ پۇقرالىق روھى بۇنىڭدىن 2000 يىل ئىلگىرىكى مۇستەبىت پادىشاھلىق دەۋرىدە ياشىغان سىماچيەننىڭ پۇقرالىق روھىغا يەتمەيدۇ؟ بۇ ئاساسلىقى ھەرقايسىسىنىڭ تاللىشىنىڭ تاللىشىدىن شۇنداق بولغان.

ئادەم ئۈچۈن تاللاشنىڭ بولماسلىقى ئازابلىق. لېكىن تاللاش كۆپ بولۇپ، قانداق قىلىشنى بىلەلمەسلىكمۇ ئازابلىق. بەلكى ئېيتىدىغان يەر بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ خىل ئازاب ئالدىنقىسىغا قارىغاندا تېخىمۇ قاتتىق بولىدۇ. بۇ ئەركىن بەدەل.

دۇنيا مول مەزمۇنلۇق، ھەر خىل شەكىلدە بولۇپ، نېمىنى تاللاش قىممەت قارىشىنىڭ بىۋاستە ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت. ئاخبارات خادىمىنىڭ ئاساسىي چېكى ئىشلارنى ھەقىقىي خاتىرىلەپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئىزدەشتىن ئىبارەت.

خەۋەر ھەقىقىي بولغاندىلا ئاندىن جانلىق بولىدۇ. مەيلى قانداق سەۋەب، قانداق باھانە بولۇشىدىن، شۇنداقلا مۇددىئانىڭ يۇكسەك بولۇش- بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ئاساسىي چەكتىن بۆسۈپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدۇ.

ئەينى يىللىرى بىر مو يەردىن نەچچە 100 مىڭ جىڭ ئاشلىق ئالغانلىق توغرىسىدا يېزىلغان خەۋەرلەر باش بەتكە بېسىلغان بولۇشى، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق دېگەن مەزمۇندا يېزىلغان ئوچېرىكلار مۇكاپاتقا ئېرىشكەن بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بۇ ئۇلارنىڭ يالغان، ساختا، ناچارلىقىدەك پاكىتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، گەرچە ئۇلار ئەينى چاغدا بىر مەھەل كۆرەڭلىگەن بولسىمۇ، ئاخىرى چوقۇم ئاخبارات تارىخىدىكى كۈلكە ئوبيېكتىگە ئايلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

بىز دۇنيانى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتەلمەيمىز. لېكىن بىز شاۋقۇن كۆتۈرۈشكە قاتناشمىساق، ئەگەشمىسەك، شۇنداقلا سۈكۈت قىلساق بولىدۇ. چۈنكى، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئاساسىي چېكىمىزنى چىڭ ساقلىشىمىز لازىم.

4

ئەينى يىلى «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»تىكى جياۋ دامۇ جيا قەسرىنى ئىككى تاش شىردىن باشقا، ئىت- مۈشۈكلىرىمۇ تازا ئەمەس دەپ تىللىغان. ئادەم تىللاشىمۇ بىر خىل سۆيگۈ- مۇھەببەت، ھېچبولمىغاندا ھەمىشە مەدھىيە شېئىرى ۋە قەسىدە ئوقۇيدىغان غالچىلارغا قارىغاندا جىگەرلىك. لېكىن ئادەم تىللاش بىلەن يېڭى دۇنيا ياراتقىلى بولمايدۇ.

بەزى مۇلاھىزىچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، لۇشۈننىڭ ھېچقانداق ۋاي دېگۈچىلىكى يوق ئىكەن، ئاقىلانە

پىكرىمۇ يوق ئىكەن. لېكىن مەن شۇنى ئەسلىتىپ قويايكى، گەرچە لۇشۇننىڭ ھېچقانداق ۋاي دېگۈچىلىكى يوق بولسىمۇ، لېكىن زامانىمىزدىكى جۇڭگودا ئىدىيەنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە كەڭلىكى جەھەتتە تېخى ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ئادەم يوق، مىللىلىكنىڭ چىنلىقىنى ئېچىپ بېرىش جەھەتتە كۆپچىلىك يەنىلا ئۇنىڭ ئىزىدىن مېڭىۋاتقانلىقتىن بىز يەنىلا ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ مەنىۋى ئۇستازى، دەپ ھۆرمەتلىشىمىز كېرەك.

بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىزدە ئەقىللىكلەر ناھايىتى كۆپ. ھەر خىل مۇنبەرلەرگە قارايدىغان بولساق يۇقىرى ماھارەتلىكلەر يىغىلغان بولۇپ، ھەممىسى ئىنتايىن دانا بولسىمۇ، لېكىن ئادەم تىللايدىغانلار جىقراق، قائىدە سۆزلەيدىغانلار ئاز، بۇزىدىغانلار جىقراق، قۇرىدىغانلار ئاز، ئاچچىقىنى چىقىرىدىغانلار جىقراق، تەكلىپ بېرىدىغانلار ئازراق.

يېڭى دۇنيا قۇرۇش تىنچلىقىا، ئاقىلانىلىككە ۋە بىلىمگە ئېھتىياجلىق، ھەقىقىي پۇقرالار ھەرىكىتىگە تېخىمۇ ئېھتىياجلىق.

ئاخبارات خىزمەتچىلىرى ئاكتىپ ھەرىكەت قىلغۇچىلاردىن بولۇپ، ئىدىيەۋىلىككە ئىگە ئاخباراتلارنى تارقىتىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پائال تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

5

زاماندا خاتا تۇغۇلۇپ قالغان بىرمۇ ئادەم يوق. ئىختىساسلىقلار كۆمۈلۈپ قالغان بىرمۇ زامان يوق.

بۇ دۇنيا ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئاتا - ئانىسى ئۆزىگە ئاتا قىلغان زاماندا تۇغۇلغان، ئۇلارنىڭ زامان - ماكاندىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئىقتىدارى يوق.

ئېلىمىزنىڭ جۇڭگولۇق ئاخبارات خادىملىرىدىن ۋاڭ تاۋ، لياڭ چىچياۋ، شاۋ پياۋپىڭ، جاڭ جىلۇەن، ۋاڭ يۈنشىڭدىن تارتىپ، فەن چاڭجياڭ، مۇچىڭلارغىچە، چەت ئەللىك ئاخبارات خادىملىرى پۇلىس، لىنكىن سىدىفىنس، لىپمان، روسىنتاردىن تارتىپ، فاراچى، ئاۋپۇرالارغىچە ھەممىسى غايىلىك، ئىستېداتلىق بولغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىللە تىرىشىپ كۈرەش قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ دۇنيا ئاخبارات تارىخىدا شانلىق نام قالدۇرغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرەرسىمۇ مەن بىر ياخشى زاماندا تۇغۇلۇپتىمەن دەپ ياكى مەن بىر ياخشى بولمىغان زاماندا تۇغۇلۇپتىمەن دەپ قارىمىغان. بەلكى ئۇلار ئۆزلىرى تۇرغان شۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان زاماندا تېخىمۇ ئادىل ۋە ھەققانىي كۆڭۈلدىكىدەك دۇنيا بەرپا قىلىش يولىدا ھارماي - تالماي تىرىشقانلىقى ئۈچۈن ئارقا - ئارقىدىن شانلىق نەتىجىلەرنى ياراتقان.

لېكىن ئۇلارنىڭ غايە ئۈچۈن ئىنتىلىش روھى ۋە ئەركىنلىكنى، ئادىللىقنى، ھەققانىيلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پاكىتنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلىشكە توختىماي ئىنتىلىشتىكى جاسارىتىدىن ئىبارەت بۇ مىراس زامان - ماكاندىن ھالقىپ ئۆتۈپ، كېيىنكىلەرگە قالدۇرۇلدى.

قۇتسىز كۈندە تۇغۇلۇپ قاپتىمەن دەپ زارلىنىدىغانلار قورقۇنچاق بولۇپ، ئۆزىگە يۈزلىنىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئۇلار بىرىنچىدىن، زامانغا ئەركىلەيدۇ، ئىككىنچىدىن، ئۆزىنىڭ بىئەدەپلىك ھەرىكىتى ئۈچۈن باھانە ئىزدەيدۇ.

بۇ ئىنتېرنېت تورى دەۋرىدە، پەقەت ئىستېداتى بارمۇ - يوق دېگەن مەسىلىلا ۋە تىرىشقانمۇ، كۈرەش قىلغانمۇ دېگەن مەسىلىلا مەۋجۇتكى، تالانت تونۇشقا ئېرىشەلمىدى دەيدىغان كونا باھانىلەر زادىلا مەۋجۇت ئەمەس.

6

پەيلاسوپ كانتنىڭ: «ئىككى خىل نەرسە بار، مېنىڭ ئۇلار توغرىسىدىكى ئويلىنىشىم قانچىكى چوڭقۇر ۋە ئۇزۇن بولغانسېرى، ئۇلارنىڭ مېنىڭ

قەلبىمدە ئۇيغاتقان ھەيران قېلىش ۋە ھېيىقىش كۈندىن - كۈنگە يېڭىچە ئۆزگىرىپ، ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ تۇرىدۇ، بۇ مېنىڭ بېشىم ئۈستىدىكى يۇلتۇزلۇق ئاسمان ۋە قەلبىمدىكى ئەخلاق قانۇنىيىتىدىن ئىبارەت» دېگەن مەشھۇر سۆزى بار.

مېنىڭ قارىشىمچە، ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەڭ ئاساسىي ۋە ئەڭ يۇقىرى ئەخلاق قانۇنىيىتى ياخشىلىققا يۈزلىنىش. مۇخبىرلىقتىن ئىبارەت بۇ كەسىپتىكى ئەڭ ئاساسىي ۋە ئەڭ يۇقىرى ئەخلاق قانۇنىيىتى چىنلىققا ئىنتىلىش.

شۇنىڭ ئۈچۈن، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «قىزىق نۇقتا ھەققىدە سۆھبەت» پىروگراممىسىنىڭ شوئارى: پاكىت بىلەن سۆزلەش.

شۇنىڭ ئۈچۈن، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «ئاخبارات تەكشۈرۈش» پىروگراممىسىنىڭ نىشانى ۋەقەلىكنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈش.

شۇنىڭ ئۈچۈن، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «ھەر ھەپتىلىك سۈپەت تەكشۈرۈش دوكلاتى» پىروگراممىسىنىڭ شوئارى: ئاخبارات ئومۇمەن گۇماننى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن باشلىنىدۇ.

نېمە ئۈچۈن گۇمان ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن سۈرۈشتۈرۈلىدۇ؟ «نېمە ئۈچۈن سەتچىلىكلەر ئاشكارىلىنىدۇ؟» چۈنكى، بارلىق نازارەت قىلىشتىن ئايرىلغان ھوقۇق ۋە بايلىققا ئىگە بولغۇچىلار ئۆزىنىڭ نامۇۋاپىق مەنپەئىتى ئۈچۈن ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرىدىغان تەبىئىي ئىقتىدارغا ئىگە بولىدۇ. پەقەت ۋەقەلىكنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ئايدىڭلاشقاندىلا، ئاندىن جەمئىيەتنىڭ ئادىللىقى ۋە ھەققانىيلىقىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مۇخبىرلار جەمئىيەتنىڭ دوختۇرى ھېسابلىنىدۇ.

جاۋ زۇڭبياۋ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما ئەسلىدە «تارىخ مۇنبىرى»نىڭ 2011 - يىلى 29 - ئۆكتەبىردىكى سانىغا بېسىلغان، «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى» 2012 - يىللىق 1 - سانىنىڭ كېيىنكى يېرىم ئايلىق سانىدىن مۇسا ئەخمەت تەرجىمىسى

## ئۆزى دېگەننى قىلىش، ئۆزى ئىشەنگەننى سۆزلەش

سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولۇش، ئىچى بىلەن تېشى بىردەك بولۇش، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش، راستچىل بولۇش پارتىيەلىك كادىرلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك پەزىلەت. ئەگەر ئالدىدا بىر خىل، كەينىدە يەنە بىر خىل بولسا، كۆرۈنۈشتە ئىتائەت قىلغان بولۇپ، ئاستىرتىن خىلاپلىق قىلسا، ئىچى بىلەن تېشى بىردەك بولمىسا، ئىنسانىي پەزىلەت ۋە ئەمەلدارلىق ئەخلاقىي جەھەتتە چاتاق چىققانلىق بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ ئېغىرى پارتىيەگە ساداقەتسىزلىك قىلغانلىق، پارتىيە ئىنتىزامى ۋە دۆلەت قانۇنىنى كۆزگە ئىلمىغانلىق بولىدۇ. پارتىيە نىزامنامىسىدە: «پارتىيەگە سەمىمىي، سادىق بولۇش، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولۇش» پارتىيە ئەزالىرى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەت، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. مەيلى ھەرقانداق ۋاقىتتا بولسۇن، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىشلىرى كەڭ پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ پارتىيەگە سادىق بولۇشى ۋە ئۆز زىممىسىگە ئېلىشىدىن ئايرىلمايدۇ. پارتىيەلىك كادىرلار سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك، ۋىجدانى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولۇپ، باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە كۆرسەتكەندىلا، تېخىمۇ قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، خەلق ئاممىسىنى تېخىمۇ ياخشى يېتەكلەپ، كۈچىنى مۇجەسسەملەپ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنى بىرلىكتە ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ.

ھېلىقى «ئۆزى ئىشەنمەيدىغاننى سۆزلەيدىغان،

ئۆزى سۆزلىمىگەننى قىلدىغان» سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك ئەمەس «ئىككى يۈزلىمىچى» خىيانەتچى ئەمەلدارلارغا قاراپ باقايلى: خېنەن ئۆلكىسى سەنمىنشيا شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ياڭ شۇپىڭ 1 - كۈنى يىغىندا دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا خەلقنى ئاساس قىلىش ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا ھەدەپ سۆزلەپ، 2 - كۈنىلا تەشكىل تەرەپتىن تەكشۈرۈلگەن؛ شەندۇڭ ئۆلكىسى جىنەن شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ مىن «ئىنتىزامغا بويسۇنۇش، قائىدىگە رىئايە قىلىش»نى ھەمىشە ئاغزىدىن چۈشۈرمەي، يۈرگەن بىلەن ئارقىسىدىن لالما ئىتتەك ھەر يەردە دوقۇرۇپ يۈرۈپ، بۇزۇق ئادەملەرنى پاناھىغا ئېلىپ ۋە يامان ئىشلارغا يانتاياق بولۇپ، قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلىقتىن، ئاخىرى سۈيىقەستى ۋە جىنايىتى ئاشكارىلانغان.

بۇ «ئىككى يۈزلىمىچى» خىيانەتچى ئەمەلدارلار ئادىل - خالىس، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش دېگەن ۋۇۋىسكىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئۆزىنى ئادىل، كۆڭلى ساق، قولى پاك ئەمەلدار قىلىپ كۆرسىتىپ، خەلقنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، ئاممىنىڭ دەردىگە دەرمەن بولىدىغان خەلقپەرۋەر ئوبراز يارىتىدۇ. ئۇلار يىغىندا، ئاممىنىڭ ئالدىدا ھەدەپ پارتىيەۋىلىك، پارتىيە ئىنتىزامى ۋە قانۇن - قائىدە توغرىسىدا سۆزلەيدۇ، لېكىن ئاستىرتتىن پارتىيەۋىلىك ۋە ئەخلاق پرىنسىپىغا قىلچە ئەمەل قىلماي، پارتىيە ۋە خەلققە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشلارنى، قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىدىغان شۇملۇقلارنى قىلىدۇ. ئۆزىمۇ ئىشەنمەيدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ، ئۆزى سۆزلىمىگەن ئىشلارنى قىلىدۇ، مۇنداق پارتىيەلىك كادىرلار «ئىككى يۈزلىمىچى» بولۇپ، ئۇلارنىڭ سۆز - ھەرىكىتىدە ئەينى چاغدىكى جاراڭلىق قەسىمى ۋە غايە ئىنتىلىشىدىن ۋاز كەچكەن بولۇپ، پارتىيەنىڭ پارتىيەلىك كادىرلارغا قويغان تەلىپىنى نىقاب قىلىۋېلىپ، پارتىيە ئىنتىزامى ۋە دۆلەت قانۇنىنى كۆزگە ئىلماي، ھاكىمىيەت ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنىدىن ئېغىر ھالدا چەتنەپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىدىكى ئوبرازىغا زىيان يەتكۈزىدۇ.

«ئىككى يۈزلىمىچى» خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى ئېغىزى بىلەن «ئويۇن ئويناش»نى ياخشى كۆرىدۇ، ئېغىزىدا مەردانە سۆزلەرنى قىلىپ، ئۆزىنى ئۆزى ماختايدۇ، چىرىكلىك توغرىسىدا سۆزلىگەندە قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ، زاماننىڭ ئىللەتلىرىنى سۆككەندە ھەققانىي ۋە كۈچلۈك سۆزلەرنى قىلىپ، چوڭ سۈپەت ھەيۋەتلىك ئولتۇرىدۇ، ھودۇقمايدۇ، چىرايىنى ئۆزگەرتمەيدۇ، ناخشا ئېيتقاندىنمۇ چىرايلىق سۆزلەيدۇ. ئوچۇقتىن - ئوچۇق پۇلنى جېنىدەك ياخشى كۆرىدىغان، ئىنتايىن ئاچ كۆز بولسىمۇ، ئىقتىسادچىل، ئاددىي - ساددا، پاك قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ؛ ئوچۇقتىن - ئوچۇق شەھۋەتپەرەس، بۇزۇق ئەبلەخ تۇرۇپمۇ، ئالىيجاناب، سالاپەتلىك ئادەم قىياپىتىگە كىرىۋالىدۇ؛ ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئۇستىلىق بىلەن قاتتى - سوقتى قىلىدىغان، ئاردىن نەپ ئالىدىغان تۇرۇپمۇ، ئادىل، شەخسىيەتسىز، پاك - دىيانەتلىك قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. مۇنداق سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك ئەمەس «ئىككى يۈزلىمىچى» خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ سۆزىگىلا قارىماي، تېخىمۇ مۇھىمى ھەرىكىتىگە قاراش، پارتىيە ئىنتىزامى، دۆلەت قانۇنى ئالدىدا، شۇنداقلا ئاممىنىڭ نازارىتى ئاستىدا، ئۇلارنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئاشكارىلاش كېرەك.

«ئۆزى ئىشەنگەننى سۆزلەش» پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ ئىنسانىي پەزىلەت ۋە ئەمەلدارلىق ئەخلاقىغا قارىتىلغان ئەڭ ئەقەللىي تەلەپ، ئىچى

www.uyghurkitap.com

بىلەن تېشى بىردەك بولۇشنىڭ ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى، شۇنداقلا غايە ۋە ئېتىقادتا چىڭ تۇرغانلىق. ئەگەر قۇرۇق گەپ ساتسا، تەكەللۇپ سۆزلەرنى قىلسا، يالغان سۆزلىسە، ئاغزىغا كەلگەننى دەۋەرسە، تىلى تۈزۈك، دىلى بۇزۇق بولسا، ھەتتا ئۆزىمۇ ئىشەنمەيدىغان سۆزلەرنى قىلسا، مۇنداق رەھبىرىي كادىرلار قول ئاستىدىكىلەرنى قانداقمۇ تەربىيەلىسۇن، ھوقۇقنى قانداقمۇ ھەقىقىي تۈردە خەلق ئۈچۈن ئىشلىتەلىسۇن؟

ھەقىقىي پاك - دىيانەتلىكلەر ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدۇ، ئىچى بىلەن تېشى بىردەك بولىدۇ، لېكىن «ئىككى يۈزلىمچى» پارىخور ئەمەلدارلار مەيلى قانداق يېقىملىق ۋە تەسىرلىك سۆزلىسۇن، مەيلى قانداق ئۇستاتلىق بىلەن نىقابلانسۇن، ئۇلارنىڭ ساختا - نومۇسسىزلىقى ۋە تويماس - ئاچ كۆزلۈكى ئاخىرى ئۆزلىرىنىڭ تۈلكە قۇيرۇقىنى ئاشكارىلايدۇ.

«ئۆزى دېگەننى قىلىش» بىر خىل مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى ھەقىقىي ئۆگىنىپ، ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنىڭ ۋە ئۇنىڭ بىردەك بولۇشنىڭ ئىپادىسى. بۇ پارتىيەلىك كادىرلاردىن سۆزى ئىشەنچلىك، ھەرىكىتى كەسكىن بولۇشنى، ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىشنى، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولۇپ دېگەن سۆزىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى، باشقىلارنىڭ قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئىشلارنى ئالدى بىلەن ئۆزى ياخشى قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۆزى قىلغاننى سۆزلەش، ئۆزى سۆزلىگەننى قىلىش، ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى ئىپادىلەش ھەمدە سۆزلەپ كىشىلەرنى ئىشەندۈرۈش، قىلغان ئىشى ئارقىلىق قايىل قىلىش، ھەرىكىتى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغاش كېرەك. «ئۆزى ئىشەنمىگەننى سۆزلىسە» تەبىئىيكى «ئۆزى سۆزلىگەننى قىلمايدۇ». «ئىككى يۈزلىمچى» خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ ئادىمىلىك تەبىئىتى بۇزۇلۇپ، روھىي ھالىتى چېگىشلىشىپ كەتكەن بولۇپ، سۆز - ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى ھوقۇق تونىغا ئورىنىۋېلىپ ئويۇن ئويناشتىن ئىبارەت. ئۇلار ھوقۇقنى شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلەپ، نەپسىنى قاندۇرۇشنىڭ قورالى قىلىۋېلىپ، سەھنىدە بىر خىل، سەھنىدىن چۈشكەندە يەنە بىر خىل بولۇۋالىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئادەم، كەينىدە جىن بولۇپ، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى پۈتۈنلەي قارىمۇقارشى. ئۇلار ساختىلىق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىچكى قاراڭغۇ ۋە ئىپلاس تەرىپىنى يوشۇرىدۇ. لېكىن مەنپەئەت تاللىنىۋاندا بولسا، بىر پەشۋاغىمۇ ئەرزىمەيدىغان تەرىپىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ.

«ئۆزى ئىشەنگەننى سۆزلەش، ئۆزى سۆزلىگەننى قىلىش»تا غايە - ئېتىقاد «باش ۋېكلىيۇچاتېل»نى ياخشى باشقۇرۇپ، پارتىيەگە سادىق بولۇشتىكى سىياسىي پەزىلىتىنى تاۋلاپ، پارتىيەگە قارىتا «ئىككى يۈزلىمچى» بولماي، «ئىككى يۈزلىمچىلىك» قىلماي، ھوقۇقنى پارتىيە ۋە خەلق بەرگەنلىكىنى باشتىن - ئاخىرغىچە ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ، «ئۈچتە قاتتىق، ئۈچتە ئەمەلىي بولۇش» تەلىپىنى ھەر ۋاقىت ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئەسلىي قىياپىتى بويىچە ئادەم بولۇش، ئۆز رولى بويىچە ئىش قىلىش، پارتىيەگە سادىق، ئىچى بىلەن تېشى بىردەك، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك ياخشى كادىر بولۇش كېرەك.

چېن جۈن ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما ئەسلىدە «جۇڭگو ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش گېزىتى»نىڭ 2015 - يىلى 29 - ئىيۇلدىكى سانىغا بېسىلغان، «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2015 - يىللىق 10 - ئايلىق كېيىنكى يېرىم ئايلىق سانىدىن مۇسا ئەخمەت تەرجىمىسى

---

تىلماچ: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى پېشقەدەم كادىرلار باشقارمىسىدا

# ئىشەنچ ــ قاناتتۇر

بىر يىگىت ھەمىشە جەمئىيەتتە بىرەر ئىش تەۋرىتىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئويلايدىكەنتۇ، ئەمما بىر ئىش قىلىشتىن بۇرۇن ئىشنىڭ باش ـ ئاخىرىنى بەك ئويلىنىپ، زىيان تارتىپ دەسمايىنى قايتۇرۇۋالالماسلىقتىن ۋايىم يەپ ئۇ ئىشنى قىلىشتىن يالتىيىدىكەن. ئۇ بىللە ئويناپ چوڭ بولغان دوستلىرىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىرىنى كۆرۈپ تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كېتىدۇ ـ دە، سوقراتتىن تەلىم ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ قېشىغا بارىدۇ.

ئۇ سوقراتقا: «ھۆرمەتلىك ئۇستاز، بەزىلەر مېنى ھەمكارلىشىپ سودا قىلىشقا تەكلىپ قىلدى، سودا مەيدانى دېمەك جەڭ مەيدانى دېمەك، سەللا ئېھتىيات قىلمىسا دەسمايىدىن قۇرۇق قالىدىغان گەپ، شۇڭا ئۇيان ئويلىنىپ، بۇيان ئويلىنىپ ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدىم. بەزىلەر ماڭا ئاشپەزلىك ئۆگىنىشمنى تەۋسىيە قىلدى، لېكىن مەن ياخشى ئۆگىنەلمەي قېلىپ ۋاقتىمنى ئىسراپ قىلىۋېتىشتىن ئەنسىرىدىم. يېقىندا مەن يۇرتۇمدىكىلەرنى پەخىرلەندۈرىدىغان بىر ئىشنى قىلىشنى يەنى دۇنيانى ئايلىنىپ چىقىشنى ئويلىغانتىم، لېكىن يېرىم يولدا مەغلۇپ بولۇپ كۈلكىگە قالماي دەپ ئۇ ئىشتىن ۋاز كەچتىم... ھازىرغىچە ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماي، بەكلا ئازابلىنىپ كېتىۋاتىمەن، كاللام زىددىيەتكە تولۇپ كەتتى، زادى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ھېچ بىلەلمىدىم، ماڭا بىر يول كۆرسەتكەن بولسىلا، سىلىدىن تولىمۇ مىننەتدار بولغان بولاتتىم» دەيدۇ.

يىگىتنىڭ دەرد ـ خاپىلىقلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سوقرات كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: «مەن سىرتقا چىقاي دەپ تۇراتتىم، يېنىمغا كەلگەنىكەنسىز، بىللە چىقىپ ئايلىنىپ كىرەيلى» دەيدۇ.

يىگىت سوقراتنىڭ تېززەك تەلىم بېرىشىگە تەقەززا بولسىمۇ، ئەمما سوقراتنىڭ بەخىرامان ھالىتىگە قاراپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە سىرتقا چىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ئۇلار بىر باغنىڭ يېنىغا كېلىدۇ، باغدا نۇرغۇن مېۋىلىك دەرەخلەر بارئىدى. مېۋىلىك دەرەخلەردە بىر مۇنچە كىچىك قۇش ئۇزۇق ئىزدەپ شاختىن شاخقا قونۇپ يۈرەتتى. سوقرات يىگىتكە قۇشلارنى كۆرسىتىپ ئۇنىڭدىن: «شاختىن شاخقا قونۇپ يۈرگەن ئاۋۇ قۇشلارنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئۇلار قونغان شاخلارنىڭ بەزىلىرى مۇستەھكەم، بەزىلىرى بولسا قۇرۇپ قالغان دەرەخ، ئەگەر قۇرۇپ قالغان شاخ سۇنۇپ كەتسە، ئۇ شاختىكى قۇشقاچ سۇنغان شاخ بىلەن بىللە يەرگە چۈشۈپ كېتەمدۇ؟» دەپ سورىدى.

«ئۇنداق بولمايدۇ، قۇشقاچنىڭ قانىتى تۇرسا، شاخ سۇنسا ئۇچۇپ كېتىدۇ ـ دە» دېدى يىگىت ئويلانمايلا. سوقرات بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ دېدى: «توغرا ئېيتتىڭىز، دەرەخ شېخىدىكى قۇشقاچ ئەزەلدىن شاخنىڭ سۇنۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمەيدۇ، چۈنكى، ئۇ دەرەخنىڭ شېخىغا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ قانىتىغا ئىشىنىدۇ. ئوخشاشلا...» سوقرات ئۇلاپلا دېدى «مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى ئەزەلدىن ئوڭۇشسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەتتىن قورقمايدۇ، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئوڭۇشسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەت ئاشۇ قۇرۇپ قالغان شاخلارغا ئوخشايدۇ، پەقەت قەلبىدە مۇستەھكەم ئىشەنچى بولسىلا قۇشقا ئوخشاش ئىگىزلىككە ئۇچۇپ كېتەلەيدۇ. قۇش شاخنىڭ بىخەتەر ئەمەسلىكىنى، پەقەت كۈرەش قىلىشىڭلا ئۆزىگە بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئېلىپ كېلىدىغىنىنى بىلىدۇ. ئادەممۇ ئوخشاش».

www.uyghurkitap.com

سوقراتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ يىگىتنىڭ كۆز ئالدى پاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولىدۇ. ئۇ سوقراتقا چوڭقۇر بىر تەزىم قىلغاندىن كېيىن بۇرۇلۇپ چوڭ - چوڭ قەدەملەر بىلەن يولغا راۋان بولىدۇ.

شۇنداق، قۇشقاچ ئەزەلدىن قونۇپ تۇرغان شاخنىڭ سۇنۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمەيدۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىنىڭ قەلبىدىمۇ دەل ئىشەنچتىن ئىبارەت بىر جۈپ قانات بولغان بولىدۇ.

جياڭ دۇڭشۇ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازمىنى «تەپەككۇر ۋە پاراسەت» ژۇرنىلىنىڭ 2014 - يىلى 4 - ئايلىق ئالدىنقى سانىدىن شەمسىنۇر تۇرغۇن زىلتار تەرجىمىسى

## ئەگەر ئۇچىمەن دېسىڭىز...

فىرانسىيەلىك ئالىم خىنكىس مۇنداق بىر تەجرىبە ئىشلىگەن: ئۆيدە بېقىلىدىغان بىر توپ غاز ۋە ئاق قۇ تۇخۇملىرىنى سۈنئىي ئۇسۇلدا بىرلا ۋاقىتتا ئايرىم - ئايرىم باستۇرۇپ چۆجە چىقىرىدۇ، چۆجىلەر تۇخۇمدىن چىقىشقا باشلىغاندا ئۇ بىر دانە غاز چۆجىسىنى ئاق قۇ چۆجىلىرىنىڭ ئارىسىغا، يەنە بىر دانە ئاق قۇ چۆجىسىنى غاز چۆجىلىرىنىڭ ئارىسىغا قوشۇۋېتىدۇ. يېرىم يىلدىن كېيىنكى نەتىجە كىشىلەرنى تاڭ قالدۇرىدۇ: ئاق قۇلار توپىدىكى ئۆي غېزى گەرچە ئاق قۇلارغا ئوخشاش كۆكتە پەرۋاز قىلالمىسىمۇ، لېكىن نەچچە يۈز مېتىر يەرگە بىمالال ئۇچالايدۇ. ھالبۇكى ئۆي غازلىرى بىلەن بىللە ياشىغان ئاق قۇ يەردىن بىرەر مېتىر ئېگىزلىككىمۇ كۆتۈرۈلەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن مۇھىت ئامىلىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

دائىم مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كىشىلەر بىلەن بىللە يۈرسىڭىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىسىز؛ دائىم شاد - خۇرام كىشىلەر بىلەن بىللە يۈرسىڭىز خۇشاللىقتىن بەھرىلىنىسىز؛ دائىم سەممىي كىشىلەر بىلەن بىللە يۈرسىڭىز لەۋزىدە تۇرۇشنى ئۆگىنىسىز؛ دائىم بەختلىك كىشىلەر بىلەن بىللە يۈرسىڭىز بەختنى ھېس قىلالايدىغان بولىسىز؛ دائىم ئۈمىدۋار كىشىلەر بىلەن بىللە يۈرسىڭىز قىيىنچىلىققا باش ئەگمەسلىكنى ئۆگىنىسىز؛ خۇددى تولستوي ئېيتقاندەك: «بۈركۈت بىلەن بىللە يۈرسە توخۇمۇ ئۇچۇشنى ئۆگىنىدۇ، توخۇ بىلەن بىللە يۈرسە بۈركۈتمۇ ئۇچۇشنى ئۇنتۇپ قالىدۇ».

جۇۋېن ياڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازمىنى «تەپەككۇر ۋە پاراسەت» ژۇرنىلىنىڭ 2011 - يىللىق 24 - سانىدىن شەمسىنۇر تۇرغۇن زىلتار تەرجىمىسى

## قەلبىمىز قاغجىراپ كەتمىسۇن

لىڭ يىن ئۇستاز ئىنتايىن ئابرۇيلۇق، بىلىملىك بولۇپ، ھەر كۈنى نۇرغۇن كىشى ئۇنى زىيارەت قىلغىلى نە - نەلەردىن كېلىدىكەن، ئۇنىڭ تەربىيەلىگەن شاگىرتىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىكەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن لىڭ يىن ئۇستاز ياشىنىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھايات ۋاقتىدا بىر مۇنەۋۋەر شاگىرتنى تاللاپ ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى ئۇنىڭغا قالدۇرۇپ كەتسەم بولاتتى، دېگەننى ئارمان قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىنچىكە كۆزىتىش ۋە تاللاش ئارقىلىق ئاخىرى تۆت نەپەر شاگىرتنى بېكىتىپتۇ. بۇ تۆتەيلەننىڭ ئادەتتىكى ئىپادىسى ئىنتايىن ياخشى، بىر - بىرىدىن قېلىشمىغۇدەك بولغاچقا، ئۇستاز دەماللىققا بىرىنى تاللىيالماي ئاخىرى ئۇلارنى سىناپ سىناقتىن

ئۆتكەننى تاللاشنى قارار قىپتۇ. ئۇستاز بۇ تۆت شاگىرتنى ئەگەشتۈرۈپ كەڭرى كەتكەن دالىغا چىقىپتۇ. ئۇ شاگىرتلىرىغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بۇ كۆز يەتكۈسىز ئوت - چۆپ بېسىپ كەتكەن بوز يەرلەرنى كۆردۈڭلارمۇ؟ سىلەرگە بىر پارچىدىن يەرنى بۆلۈپ بېرىمەن، ئۈچ يىل ئىچىدە ئۆزۈڭلار ئامال قىلىپ بۇ يەرلەردىكى ئوت - چۆپلەرنى تەلتۆكۈس يوقىتىپ، ياۋا ئوت ئۈنمەيدىغان مۇنبەت يەر قىلىپ ئۆزگەرتىپ چىقىڭلار» دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن تۆت شاگىرت ئۆزلىرى توغرا دەپ قارىغان ئۇسۇل بىلەن ئوت - چۆپلەرنى يوقىتىشقا باشلاپتۇ. ھەش - پەش دېگۈچە ئۈچ يىل مۆھلەت توشۇپ، لىڭ يىن ئۇستاز تەكشۈرۈشكە كەپتۇ، قارىسا باشاقلىرى تولغان، ساپسېرىق بىر پارچە بۇغداي ئېتىزى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان، قالغان ئىككى پارچە يەرنى بولسا بۇرۇنقىدەكلا ياۋا ئوت - چۆپ بېسىپ تۇرغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇستاز شاگىرتلىرىدىن: «سىلەر ئوت - چۆپ يوقىتىشتا قانداق ئۇسۇللارنى قوللاندىڭلار؟» دەپ سوراپتۇ. بىرىنچى شاگىرتى: «مەن ھەركۈنى جاپاغا چىداپ ئوت- چۆپلەرنى ئوتىدىم، بىراق، 1- يىلى ياۋا ئوت - چۆپلەرنى ئوتاپ تۈگەتسەم، 2- يىلى يەنە ئۈنۈپ چىقتى، زادىلا يوقىتالمىدىم!» دەپتۇ. ئىككىنچى شاگىرتى: «مەن ھەر يىلى ياۋا ئوت - چۆپلەرنى كۆيدۈردۈم، بۇ يىلى پاك- پاكىز كۆيدۈرۈپ تۈگەتسەم كېيىنكى يىلى يەنە ئۈنۈپ چىقتى، ئامالسىز قالدىم» دەپتۇ. ئۈچىنچى شاگىرتى: «مەن ئېتىزنى چوڭقۇر كولاپ تېگىدىكى پاكىز توپىنى ئېتىز يۈزىگە چىقاردىم، لېكىن بۇ توپىدىنمۇ ئوت - چۆپ ئۈنۈۋەردى» دەپتۇ. تۆتىنچى شاگىرت: «دەسلەپتە مەنمۇ ئۇلار قوللانغان ئۇسۇلنى سىناپ بېقىپ ھەممىسىدە مەغلۇپ بولدۇم، ئاخىرى بۇ چۆپلۈككە زىرائەت تېرىش ئارقىلىق ئوت - چۆپنى ئۈنۈملۈك يوقاتقىلى بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ بۇ يەرگە بۇغداي تېرىدىم، دەرۋەقە بۇ ئۇسۇل كارغا كەلدى، ئىككى يىل ئىچىدىلا بۇ يەر بۇغدايلىققا ئايلاندى» دەپتۇ. ئۇستاز كۆلۈمسىرىگىنىچە بېشىنى لىڭشىتىپتۇ، «ئوت - چۆپ ئۈندۈرمەسلىكنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى — بۇغداي تېرىش، ئادەممۇ ئوخشاش، رەزىل ئوي، بەتنىيەتلەردىن خالىي بولماي دېسەڭ، چوقۇم گۈزەل ئىدىيەلەر بىلەن قەلبىمىزنى تازىلاپ تۇرۇشىمىز كېرەك».

ھازىر ئەتراپىمىزدا نۇرغۇن كىشىلەر ھاراق، تاماكىغا، زەھەرگە، شەھۋانىي نەرسىلەرگە خۇمار، سەۋەب: ئۇلاردا ئەقىدە - ئېتىقاد يوق، ئەخلاق قارىشى يىمىرىلگەن، ئالىيجاناب غايە تۇرماق ئەڭ ئەقەللىي ئادەتتىكىچە غايىسىمۇ يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قەلبى قۇپقۇرۇق، شۇنچىلىك غېرىب، مەنىۋىيىتى قاغجىرىغانلىقتىن شور - چىم باسقان تاشلاندۇق يەرگە ئايلىنىپ قالغان، ئۆزلىرى ئىنسانىيلىقتىن ياتلاشقان قوۋم سۈپىتىدە مەنىسىز، چىرىك ھاياتىنى داۋام ئەتمەكتە.

ئېھتىمال بەزىلەر «غايە» دېگەن سۆزنى تولىمۇ مەۋھۇم نەرسە دەپ چۈشىنىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنى كونكرېتلاشتۇرساق، غايىگە نىشان قوغلىشىش دەپ، نىشان قوغلىشىشقا مەسئۇلىيەت دەپ، مەسئۇلىيەتكە ھەر كۈنلۈك ئىشنى ياخشى قىلىش دەپ ئېنىقلىما بەرسەك خاتالاشقان بولمايمىز. ھەر كۈنى بىر ئىشنى ياخشى قىلساق، قەلب ئېتىزىمىزغا بىر تال بۇغداي ئۇرۇقى چاچقانغا باراۋەر، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قەلبىمىزگە چېچىلغان ساناقسىز بۇغداي ئۇرۇقلىرى ئەسلىدىكى ياۋا ئوت - چۆپلەرنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، ئالتۇن باشاقلار بىلەن تولغان مۇنبەت ئېكىنزارلىققا ئايلانماسمۇ؟!

ۋاڭ لىمىن ئىمزالىقىدىكى بۇ يازمىنى «چەت ئەل ساغلاملىق تەرمىلىرى» ناملىق ژۇرنىلىنىڭ 2011 - يىللىق 6 - ئايلىق ئالدىنقى سانىدىن شەمسنۇر تۇرغۇن زىلتار تەرجىمىسى

www.uyghurkitap.com

## كۆڭۈلدىكى بۆرە

مەلۇم بىر ئىندىيان قەبىلىسى، بىر نەچچە بالا بوۋىسىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭدىن ھېكايە ئېيتىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ چۇۋۇرلىشىۋاتاتتى.

«مېنىڭ كۆڭلۈمدە ئىككى بۆرە بار، بۇ ئىككى بۆرە ھەمىشە بىر - بىرى بىلەن قاتتىق ئېلىشىدۇ» دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى بوۋاي. «بۇ بۆرىلەرنىڭ بىرى ھەسەتخورلۇق، قورقۇنچ، ئۆچمەنلىك، ئاچ كۆزلۈك، ھاكاۋۇرلۇق، ئاداۋەت، شەخسىيەتچىلىك، ئۆزىنى كەمسىتىش، ئالدامچىلىق، جىنايەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ؛ يەنە بىر بۆرە رەھىمدىللىك، خۇشاللىق، تىنچلىق، تەڭ بەھرىمەن بولۇش، ھېسداشلىق، دوستلۇق، مەردلىك، ئۆزگە ئىشىنىش، ئۆزىنى كۆچەيتىش، سەممىيلىك، ھەققانىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. يالغۇز مېنىڭ كۆڭلۈمدىلا ئەمەس، سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلاردا، ھەتتا ئالەمدىكى ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىدىمۇ ھەمىشە قاتتىق ئېلىشىپ تۇرىدىغان ئىككى بۆرە بولىدۇ.» باللار بوۋاينىڭ ئاغزىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇراتتى، تۇساتتىن بىر بالا سورىدى: «ئېيتىڭە بوۋا، بۇ ئىككى بۆرىنىڭ زادى قايسىسى يېڭىدۇ؟».

«سەن كۆڭلۈڭدە قايسى بۆرىنى باقساڭ شۇ يېڭىدۇ» دېدى بوۋاي جاۋابەن.

دېلڭ دى ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «كىلاسسىك فېلىيەتونلار» ژۇرنىلىنىڭ 2017 - يىللىق 1 - ئايلىق سانىدىن شەمسىنۇر تۇرغۇن زىلتار تەرجىمىسى

## كېمىنى سۇنىڭ چوڭقۇر جايىغا قويۇپ بېرىڭ

ئۇ بىر نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسى مىلچمال دۇكىنىنىڭ غوجايىنى ئىدى، باللىق دەۋرىدە تەتىل بولسىلا مال بېسىلغان هارۋىسىنى ئىتتەرگىنىچە كوچىمۇ كوچا يۈرۈپ مال ساتاتتى. 16 ياشقا كىرگەن يىلى، بىر قېتىملىق ئىقتىسادىي كرىزىستا دادىسىنىڭ دۇكىنى تاقىلىپ قالدى. كىرىم مەنبەسىدىن ئايرىلغان دادىسى ئىلاجسىز ئۆيلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ «ئائىلە مېھمانخانىسى» ئاچتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ھەر كۈنى سەھەر سائەت ئۈچتە تۇرۇپ، پويىز ۋوگزالىغا خېرىدار ئىزدەش ئۈچۈن چاپىدىغان بولدى. ئائىلە مېھمانخانىسىدا، ئۇ خېرىدارلارنى كۈتۈش، مېھمانلارنىڭ ئېتىغا يەم بېرىش، ھارۋىلىرىنى يۇيۇپ تازىلاش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ئەتىدىن- كەچكىچە تىنىم تاپماي ئىشلەيتتى. ئەنە شۇنداق ئىشلار بىلەن ئون يىل ئۆتۈپ كەتتى. 26 ياشقا كىرگەن يىلى، ئۇ ئاز- تولا پۇل غەملەپ، كىچىكرەك بانكىدىن بىرنى ئېچىۋالدى. ئۇنىڭ تىجارىتى ئەمدى يۈرۈشۈشكە 1 - دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاپ، بانكىسىنى سېتىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى. 32 ياشقا كىرگەن يىلى ئۇ تېكساس ئىشتاتىغا كەلدى، ئۇيان - ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى يەنىلا بانكا ئېچىش نىيىتىگە كەلدى. بىراق ئىشلار ئانچە ئوڭۇشلۇق بولمىدى. ئۇ بازارمۇ بازار قاتراپ، بانكا باشلىقلىرى بىلەن كۆرۈشكەن بولسىمۇ، ھېچقايسىسى بانكىلىرىنى سېتىپ بېرىشكە ئۇنىمىدى. بىر قېتىملىق سەپەردە، ئۇ بىر مېھمانخانىغا چۈشتى، پاراڭ ئارىلىقىدا غوجايىن ئۇنىڭغا مېھمانخانا ئېچىپ بەك جاپادا قالغىنىنى، پۇل تېپىش ئۇياقتا تۇرسۇن ئەكسىچە بىر مۇنچە زىيان تارتقانلىقى ھەققىدە دادلاپ بەردى. ئۇ تېكساس ئىشتاتىدىكى نېفىت

تەۋەككۇلچىلىرىنىڭ كۆپلىكىنى كۆرۈپ، پۇرسەتنىڭ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ 40 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى خەجلەپ ھېلىقى مېھمانخانىنى سېتىۋالدى ۋە مېھمانخانىنى زىننەتلەپ چىرايلىق بېزىدى. كېلىپ-كېتىدىغانلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ كىرىمى ئېشىشقا باشلىدى. كېيىن ئۇ يەنە نىمكەش مېھمانخانىدىن بىر نەچچىنى سېتىۋېلىپ يۇرۇشتۇردى، سودىسىمۇ يىلدىن-يىلغا روناق تاپتى. كىرىمى ئۇنىڭ ھېچ ئىش قىلماي، تۇرمۇشنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈشىگە كەڭتاشا يېتەتتى، لېكىن ئۇ باشقا بىر يولنى تاللىدى. 37 ياشقا كىرگەن يىلى، ئۇ يېڭى مېھمانساراي سېلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ دالالاس شەھىرىنىڭ مەركىزىدىن ئىنتايىن يۇقىرى ھەق بىلەن بىر پارچە يەرنى ئىجارىگە ئالدى، ئارقىدىن بۇيەرنى رەنىگە قويۇپ قەرز ئالدى، بىر يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ مېھمانسارىيى تىجارەت باشلىدى. تۆت يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىلكىدىكى رېستوران سەككىزگە يەتتى. بۇ ۋاقىتتا ئۇنى بىر مەيدان بوران-چاپقۇن كۈتۈپ تۇراتتى. تارىختىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر ئىقتىسادىي بوھران پۈتۈن ئامېرىكىنى قاپلىدى. ۋەيران بولغان كىشىلەر ئارقا-ئارقىدىن بىنادىن سەكرەپ ئۆلۈۋېلىشتى. ئۇ گەرچە قاتمۇقات قەرزگە بوغۇلۇپ قاتتىق ھالسىرىغان بولسىمۇ، لېكىن مېھمانخانىلىرىنى ساتمىدى، ئۇ قەرز ئالغىلى بولىدىغانلىكى كىشىلەردىن سوراپ يۈرۈپ 50 مىڭ دوللار غەملىدى ۋە نېفىتكە مەبلەغ سالدى. مەغلۇپ بولسا قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىگە بەش قولدەك ئايان ئىدى. ئۇ بارلىق ئۈمىدىنى نېفىتكە باغلىدى. توختام ئىمزالىغان چاغدا ئۇنىڭ يېنىدا تېيىنىڭ سۇنۇقمۇ قالمىغانىدى. ئەمەلىيەت ئۇنىڭ قارارىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۇ قەرزلىرىنى پاك-پاكىز تۆگىتىپلا قالماي يەنە خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى.

شۇنداق، غەيرەت-شىجائەت ۋە ئەقىل-پاراسەت ئۇنىڭغا قانات بولدى. 58 ياشقا كىرگەن يىلى ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ مېھمانساراي چىكاگودىكى ستېۋېن مېھمانسارىيىنى سېتىۋالدى. تۆت يىلدىن كېيىن دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل مېھمانساراي دەپ نام ئالغان ۋالدورف مېھمانسارىيىنى سېتىۋالدى. ئارقىدىنلا ئۇ يەنە «دۇنيا مېھمانسارايلىرىنىڭ پادىشاھى» دەپ تەرىپلىنىدىغان ستاتىلا مېھمانسارىيىغا تەۋە ئون زەنجىرسىمان مېھمانخانىنى سېتىۋېلىپ، ئىسمى-جىسمىغا لايىق ئامېرىكا مېھمانساراي ساھەسىنىڭ شاھىغا ئايلاندى.

ئۇنىڭ «كېمىلىرى» «تېيىز ساھىل»دىلا توختاپ قالماستىن، بەلكى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە قاتنايدۇ. ھازىر دۇنيانىڭ نەرىگىلا بارسىڭىز ئۇنىڭ نامىدىكى مېھمانسارايلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئۇ دەل ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان خىلتون مېھمانخانا ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇرغۇچىسى — تاندىرات خىلتون. ئۇنىڭ دادىسى ئۇنىڭغا ھەمىشە: «پاراخوت ھەيدىمەكچى بولساڭ پاراخوتۇڭنى سۇنىڭ چوڭقۇر يېرىگە ئاپىرىپ ھەيدە» دەيتتى. خىلتون بۇ گەپنى مەھكەم ئېسىدە ساقلىدى، ئۇ بوران-چاپقۇنلارغا دۇچ كەلگەندە كېمىسىنى بوراندىن مۇداپىئەلىنىدىغان قولتۇقلارغا توختىتىپ قويماستىن، ئەكسىچە دولقۇن ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان چوڭقۇر دېڭىزغا ھەيدەپ ئاپاردى، ھەتتا ئوكيانلارنى كېسىپ ئۆتتى. نەتىجىدە ئۆز كەسپىدىكى «گىگانت ئاۋىياماتكا» — مېھمانساراي ئىمپېرىيەسىنى قۇرۇپ چىقالىدى.

لىي ماۋشىڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازمىنى «تەپەككۇر ۋە پاراسەت» ژۇرنىلىنىڭ 2013-يىللىق 21-سانىدىن شەمسنۇر تۇرغۇن زىلتار تەرجىمىسى

www.uyghurkitap.com

## لەيلىيەلمىسڭىز چۆكۈپ بېقىڭ

بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى «ھايۋاناتلار دۇنياسى» پروگراممىسنى كۆرۈۋېتىپ مۇنداق بىر كۆرۈنۈش دىققىتىمنى تارتتى: جەنۇبىي قۇتۇپتىكى سۇ بىلەن قۇرۇقلۇقنىڭ گىرەلەشكەن قىسمىدا، بىر پىنگۋىن ئۇيان - بۇيان ئۈزۈپ يۈرەتتى، بەلكىم ھارغان چېغى، قىرغاققا چىقماقچى بولۇپ قىرغاققا يېقىنلاشتى. بىراق قىرغاقنىڭ ھەممىلا يېرى سىلىق ياكى ئۇچلۇق مۇز بىلەن قاپلانغاچقا، پىنگۋىن ھەرقانچە قىلىپمۇ قىرغاققا چىقالمىدى. ئەمدى قانداق قىلار دەپ ئەنسىرەپ ئولتۇرسام، مەن ئويلاپمۇ باقمىغان بىر مەنزىرە كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى: پىنگۋىن بېشىنى تۆۋەنگە قارىتىپ سۇ ئاستىغا شىددەت بىلەن شۇڭغۇپ چۆكۈشكە باشلىدى. تەخمىنەن ئون مېتىر چوڭقۇرلۇققا چۆككەندىن كېيىن تۇيۇقسىز ئۆرۈلۈپ شىددەت بىلەن ئۈستىگە قاراپ ئېتىلدى. سۇ يۈزىگە ئاز قالغاندا ئۇ پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سالدى - دە، ساداقتىن ئېتىلغان ئوق كەبى سۇدىن ئېتىلىپ چىقىپ قۇرۇقلۇققا ئوڭۇشلۇق چۈشتى.

پىنگۋىننىڭ غەلىبىسىدىن ھەم خۇش بولدۇم ھەم چوڭقۇر ئويغا چۆمدۈم. كىشىلىك تۇرمۇشتا ھەممىمىز غەلىبە قازىنىشنى ئويلايمىز، ھالبۇكى ئويلىمىغان يەردىن «مۇز قاتلىمى» ياكى «ئۇچلۇق مۇز»لارغا دۇچ كېلىپ نېمە قىلارىمىزنى بىلەلمەي قالىمىز. بۇ چاغدا بەزىلەر ئۇۋە تارتقىنىچە داۋاملىق تىرىشىشتىن ۋاز كېچىدۇ، بەزىلەر ئاقىۋىتى بىلەن ھېسابلاشماي قارىغۇلارچە تىركىشىۋېرىدۇ. بۇ ئىككى خىل كىشىنىڭ دۇچار بولىدىغىنى ئوخشاش بىر ئاقىۋەت، يەنى ھەر ئىككىيلەن «قىرغاققا چىقالمايدۇ». ئىنچىكە ئويلاپ كۆرسەك، بىز قاتمۇقات قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىپ، باش كۆتۈرۈش پۇرسىتىمىز پىشىپ يېتىلمىگەن بولسا پىنگۋىننىڭ چۆكۈشنى ئۆلگە قىلىش — ئەڭ ئاقىلانە تاللىشىمىز بولغۇسى، يەنى پىنگۋىنغا ئوخشاش، قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە، پۈتۈن كۈچىمىز ۋە دىققىتىمىزنى بىر نۇقتىغا يىغىپ، مۇۋاپىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۈستىگە قاڭقىپ چىقساق، «غەلبە قۇرۇقلۇقى»غا چىقالىشىمىزدا گەپ يوق. ئەكسىچە، قارىغۇلارچە تىركەشسەك ياكى تەقدىردىن ئاغرىنىپ باشقىلاردىن رەنجىسەك، تەقدىرنىڭ ئەخمەق قىلىشلىرىدىن قۇتۇلالمايلا قالماي بەلكى يەنە ئۆزىمىزنى تۈگەشتۈرۈۋالىمىز، خالاس.

جالڭ چيەن ئىمزالىقدىكى بۇ يازمىنى «تەپەككۇر ۋە پاراسەت» ژۇرنىلىنىڭ 2011 - يىللىق 5 - ئايلىق ئالدىنقى سانىدىن شەمشىنۇر تۇرغۇن زىلتار تەرجىمىسى

## مۇۋەپپەقىيەت بىزدىن قانچىلىك يىراقتا؟

ئىككى يىگىت رەسىم سىزىشنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن، بىرىنىڭ رەسىم سىزىشتا تالانتى بار بولۇپ، ئائىلىسىمۇ باي ئىكەن. يەنە بىرى ئانچە ياخشى سىزالمايدىكەن، ئائىلىسىمۇ نامراتراق ئىكەن. 20 نەچچە ياشلىق بۇ يىگىتلەر شۇنچە تىرىشىپمۇ نام چىقىرالماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن تالانتى بار يىگىت تاقەتسىزلىنىشكە، تەقدىردىن ئاغرىنىشقا باشلاپتۇ.

يەنە بىرى تۇرمۇش ئېھتىياجى تۈپەيلى ياغاچچىلىق ھۈنىرى ئۆگىنىپ تۇرمۇشنى قامدىغان بولسىمۇ، رەسىم سىزىشقا بولغان ئىشتىياقى پەسەيمەكتە يوق كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپتۇ. ئاخشىمى قانچىلىك كەچ قايتىپ كېلىشىدىن، قانچىلىك چارچىشىدىن قەتئىينەزەر، جىنچىراغنى

ياندۇرۇپ قويۇپ بىر سائەت رەسىم سىزىشنى مەشىق قىلىدىكەن. ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ ھۈنەر قىلغان ۋاقىتلىرىدىمۇ، ئەسۋاب ساندۇقىدىن موي قەلەم، قەغەز، سىياھ ۋە سىياھدانىنى ئايرىمايدىكەن، دەم ئالغان شۇ قىسقىغىنا ۋاقىتتىمۇ بىر خالىي جاينى تېپىپ رەسىم سىزىشنى مەشىق قىلىدىكەن.

بۇ يىگىت رەسىمنى سىزىش ئۈچۈن ئالايىتەن بىر نەچچە تال راك سېتىۋېلىپ، ھەر كۈنى سەھەردە راكلارنى كۆزىتىشنى، ئىشلەش جەريانىدا كۆڭلىدە سىزىشنى، ۋاقىت تاپسىلا راك سىزىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا ھېلىقى تالانتلىق ياش ئاللىبۇرۇن رەسىم قەلىمىنى چۆرۈۋەتكەن، ئۇنىڭ بايلىقمۇ بارا ـ بارا سورۇلۇپ تۈگەپ بۈگۈنگە بار، ئەتىسىگە يوق ئاران كۈن كەچۈرىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئايلار ئۆتۈپ، يىللار ئۆتۈپ ئۇ ئاخىرى سەرگەردان تىلەمچىگە، ھېلىقى نامرات ياغاچچى بولسا رەسساملىق ساھەسىدىكى داڭلىق شەخسكە ئايلىنىدۇ. بۇ كىشى دەل مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىغا تونۇلغان پېشىۋا چى بەيشى.

چى بەيشىنىڭ نام ـ ئاتىقى چىققاندا ئەينى چاغدىكى تالانتلىق يىگىت، ھازىرقى سەرگەردان تىلەمچى ھەيران قالىدۇ: سىزىش تېخنىكىسى مەندىن ناچار تۇرۇپ، قانداقسىگە داڭلىق رەسسام بولۇپ قالغاندۇ؟

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالايىتەن چى بەيشىنى ئىزدەپ بارىدۇ، بۇ چاغدا ھەر ئىككىيلەن 60 ياشتىن ئاشقان بوۋايغا ئايلانغان، ئوخشىمايدىغان يېرى، چى بەيشى بولسا داڭلىق رەسسام، ئۆزى بولسا ئۆي ـ ماكانسىز سەرگەردان ئىدى.

ئىككىيلەن قىزغىن ئەسرالىشىدۇ، ھېلىقى سەرگەردان تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى، رەسىم سىزىشنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويغىنىدىن قاتتىق ئۆكۈنىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ، بۇلارنى ئاڭلىغان چى بەيشى: بىلەمسەن؟ مەن ئاددىي بىر ياغاچچىدىن بۈگۈنكىدەك رەسسام بولۇشقا پەقەت تۆت يىل ۋاقىت سەرپ قىلدىم، دەيدۇ. «ئارانلا تۆت يىل؟» ھېلىقى كىشى داڭ قېتىپ قالىدۇ.

«ھەئە، مەن 20 يېشىمدىن باشلاپ رەسىم سىزىشنى مەشىق قىلدىم، 35 ياشقىچە ھەر كۈنى پەقەت بىر سائەتلا مەشىق قىلدىم، ھەر كۈنى بىر سائەت، بىر يىلدا 365 سائەت، 365 سائەت دېگەن 15 كۈنگە تەڭ، ھەر يىلى 15 كۈندىن 15 يىل، جەمئىي 225 كۈن سىزدىم، 35 ياشتىن 55 ياشقىچە بولغان 20 يىلدا، ھەر كۈنى ئىككى سائەتتىن بىر يىلدا جەمئىي 730 سائەت سىزدىم، بۇ 31 كۈنگە تەڭ. 20 يىلدا 620 كۈن بولىدۇ. 55 ياشتىن 60 ياشقىچە ھەر كۈنى ئون سائەت رەسىم سىزدىم، بىر يىلدا 3650 سائەت، بۇ 152 كۈنگە تەڭ، 5 يىلدا 760 كۈن بولىدۇ. 20 ياشتىن 35 ياشقىچە 225 كۈن، 35 ياشتىن 55 ياشقىچە 620 كۈن، 55 ياشتىن 60 ياشقىچە 760 كۈننى قوشساق جەمئىي رەسىم سىزغان كۈنۈم 1605 كۈن بولىدۇ، بۇنى يىلغا سۇندۇرساق تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتقا تەڭ بولىدۇ» دەيدۇ چى بەيشى تەمكىنلىك بىلەن. ھېلىقى كىشى چوڭقۇر ئويغا چۆمىدۇ: «رەسىمنى تۈزۈككىنە سىزالمايدىغان بىرسى تۆت يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ياغاچچىدىن داڭلىق رەسسامغا ئايلىنىپتۇ، مىڭلاپ ئەپسۇسكى، مېنىڭ ھاياتىمدا مۇشۇنداق تۆت يىلدىن ئون نەچچىسى بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ؟»

ئەمەلىيەتتە مۇۋەپپەقىيەت بىزدىن ئانچە يىراق ئەمەس، مۇۋەپپەقىيەتكە ھەم ئۇنچە كۆپ ۋاقىتمۇ كەتمەيدۇ، پەقەت تىرىشساقلا، ھاڭۋېقىپ، خىيال سۈرۈپ ياكى قەھۋە ئىچىپ ئولتۇرغانچىلىك ۋاقىت سەرپ قىلساقلا كۇپايە، ئەجەبا سىز ھازىرمۇ ۋاقىت يوق دەپ ئاغرىنىۋاتامسىز؟

لياڭ كېكې ئىمزالىقىدىكى بۇ يازمىنى «تەپەككۇر ۋە پاراسەت» ژۇرنىلىنىڭ 2011 ـ يىلى 4 ـ ئايلىق كىينكى ساندىن شەمسنۇر تۇرغۇن زىلتار تەرجىمىسى

---

تىلماچ: يەكەن ناھىيەلىك 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن



ئابدۇراخمان ئەزىز ئوغلى

# كۆز مونچاق ئاسىدىغان قىز

(ھېكايە)

ھەر سەھەردە مەكتەپنىڭ چىملىقىدىكى يۇمران چىملارنىڭ ئۇچىدىكى شەبنەملەرنى كۆرگىنىمدە، مەھەللىمىدىكى قويۇق چىم ئۆسكەن ئېتىز قىرلىرى يادىمغا كېلىدۇ. قىزغۇچ قۇياش نۇرى مەھەللىمىزنىڭ چېتىدىكى بۈككىدە قاراڭغۇلاشقان توغراقلىقنىڭ ئارقىسىدىن تال - تال بولۇپ چېچىلىپ، يۇمران مايسىلارنىڭ ئۇچىدىكى سۈزۈك شەبنەم ئۈستىگە ئاستا - ئاستا چۈشۈشكە باشلىغاندا كۆمۈشتەك يالتىراپ كۆرۈنگەن شەبنەم دانچىلىرى كۆزلىرىمگە خۇددى گۈزەل قىزنىڭ بوينىدىكى قىزىل يىپقا ئېسىپ قويۇلغان كۆز مونچاقتەك كۆرۈنۈپ كېتەتتى.

كۆز مونچاق يادىمغا كېلىشى بىلەنلا يۇرت - مەھەللەم، ئېتىز قىرلىرىم، مەھەللە چېتىدىكى قۇم بارخانلىرىمىز دەرھال كۆزلىرىمگە كۆرۈنگەندەك بولاتتى. بۈگۈن بۇ چوڭ شەھەردىكى نۇقتىلىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە كەلگەندىن بۇيانقى تۇنجى يازلىق تەتىلىمدە ئۆيگە قايتىدىغان كۈنۈم بولغاچقا، قىلنۋاتقان ھەر بىر ئۇششاق ھەرىكەتلىرىمگىچە قول - قولۇمغا، پۇت - پۇتۇمغا تەگمەي كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۆيۈمنى، ئاتا - ئانامنى، ئۇكىلىرىمنى سېغىنغانىدىم. ئەمما ئۆزۈمنىڭ ئۆيۈمنى، ئاتا - ئانامنى، ئۇكىلىرىمنى سېغىنغىنىمنىلا دېسەم يالغان سۆزلىگەن بولىمەن. خام كېسەك تاملىق ھويلامنىڭ پاكار - پاكار ياسالغان پىششىق خىشلىق روجەك تېمى ئۈستىگە تىزىلغان تەشتەكلەردىكى گۈللەرنىڭ بەرگىدە، ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى بوغۇرساق شەكىللىك ئېگىز - پەس پەلەمپەي ئېتىزىمىزنىڭ قىرىدا ئۆسكەن چىملارنىڭ ئۇچىدا كۆز مونچاقتا ئوخشاش يالتىرىغان شەبنەملەرنى سېغىنغىنىمنى يوشۇرالمايمەن. نازۇك چىملارنىڭ

سەھرادىكى ھېكايىلەر



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇچىدىكى، گۈل بەرگىدىكى شەبنەملەرنىڭ كۆز مونچاققا ئوخشايدىغانلىقى دەل ئۇنىڭ كۆز مونچىقنى يىتتۈرۈۋەتكەن كۈنى يىغلىغاندىكى كۆز يېشىغا ئوخشاپ كەتكەنلىكىدىن ئالغان تەسراتىم بولسا كېرەك. لىغىلدىغان سۈزۈك شەبنەم مەگزىدىن دومىلاپ چۈشۈشكە ئاران تۇرغان كۆز ياشقا ياكى يىپىدىن ئاجراپ چۈشۈشكە ئاران تۇرغان كۆز مونچاققا ئوخشاش كۆرۈنۈپ، ھېقىقەتەك سۈزۈككىنە بويىنىدىن كۆز مونچاقنى نېرى قىلماي ئېسىۋالىدىغان شۇ قىزنى چوڭقۇر سېغىنىش ئىچىدە ئەسلەيمەن!...

كۆز مونچاقنى تولا خىيال قىلىپ، توغرىسى كۆز مونچاق ئاسىدىغان شۇ قىزنى تولا خىيال قىلىپ جاھاندىكى جىمىكى چىرايلىق نەرسە، جىمىكى قىممەتلىك نەرسە كۆزۈمگە كۆز مونچاق سىياقىدا كۆرۈنسە كېرەك. شۇڭا يۇرتىمىزنىڭ تۇپرىقىغا قەدىمىم تەگكەن تۇنجى دەقىقە قىممەتلىك ئادىمىمگە سەپەر سوۋغىسى ئېلىش ئۈچۈن تۇنجى بولۇپ يادىمغا كەلگىنى يېڭى بازارنىڭ ئۇزۇن - توغرا كوچىلىرىنى ئايلىنىپ كۆز مونچاق ئىزدەش بولدى. بۇ بازاردىن ھەر خىل رەڭدىكى، ھەر خىل چوڭ - كىچىكلىكتىكى كۆز مونچاقلارنى تاپقىلى بولاتتى. مەن شۇنچە كۆپ كۆز مونچاقلارنىڭ ئىچىدىن بىر تال كۆز مونچاقنى ئاۋايلاپ تاللىۋالدىم. بۇ تاللىغىنىم مېنىڭ بىغۇبار، سەبىي باللىق قەلبىمگە ئاجايىپ تاتلىق ھېس - تۇيغۇلارنى ئاتا قىلغان ئاشۇ قىممەتلىك بىر تال كۆز مونچاققا تولىمۇ ئوخشايتتى. قارىسى قارا، ئېقى ئاق، يالتىراپ تۇرغان كۆز مونچاق قۇياش نۇرىدا شەبنەم تامچىسىغا ئوخشايتتى.

قۇياش نۇرى جىمىرلىغان سۈزۈك شەبنەمنىڭ كۆزۈمگە باشقا نەرسىنىڭ شەكلىدە كۆرۈنمەي پەقەت كۆز مونچاق شەكلىدىلا كۆرۈنۈشىگە ھەيرانمەن. يۇمران يوپۇرماقلار ئۈستىدىن تېيىپ چۈشۈشكە ئاران تۇرغان تامچىنىڭ ئىچ - ئىچىدىن سۈزۈك نۇر چاقنىتىپ كۆرۈنۈشى، يوغان ئادەم ئەكسىنىڭ شۇنچە كىچىككىنە تامچە يۈزىدە تولۇق ئەكس ئېتىشى بەئەينى چىرايلىقىنە بىر كۆز مونچاققا ئوخشايتتى، ئوخشاپمۇ دەل ئاشۇ قىزنىڭ بويىنىغا ئېسىۋالىدىغان چىرايلىق كۆز مونچىقىغا ئوخشايتتى.

ھەئە، ئۇ قىز كۆز مونچاق ئېسىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئەمدىلا قارلىغاچ قانىتىچىلىك ئۆسكەن قوڭۇر چاچلىرى يەلپۈنۈپ چۈشكەن يۇمران بويىندا قىزىل يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن كۆز مونچاق ساڭگىلاپ تۇراتتى. قارىسى قارا، ئېقى ئاق پارقىراپ تۇرغان كۆز مونچاق بەئەينى قىزنىڭ نۇر چاقناپ تۇرغان قارا كۆزلىرىگىلا ئوخشايتتى. كىچىككىنە كۆز مونچاقتىن كەڭرى تەبىئەتنىڭ ئەكسى كۆرۈنەتتى. قىزنىڭ قاپقارا كۆزلىرىدىنمۇ پۈتكۈل دۇنيانى كۆرگىلى بولاتتى. قىز بىلەن يېقىن ئولتۇرۇپ تېپىشماق ئويۇنى ئوينىغاندا ئۇنىڭ بويىندىكى كۆز مونچاقتىن ئۆزۈمنىڭ شولىسىنى كۆرەتتىم. بۇلاقتەك تىنىق، خۇمارلىق قارايدىغان ئاھۇ كۆزلىرىدىن ئۆزۈمنىڭ ئەكسىنى كۆرەتتىم. باللار بىلەن «چامغۇر يۇلدى» ئوينىغاندا ئامال بار ئۇنىڭ كەينىدە تۇرۇۋالاتتىم. ئارىمىزدا يېشى ھەممىمىزدىن چوڭراقى شۇ قىز بولغاچقا بىز ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايتتۇق. باشقىلارنى يېشى كىچىك، ئويۇنغا ئۇزاق بەرداشلىق بېرەلمەي ئويۇننى قىزىتالمايدۇ دەپ ئۇ ئۆزى تېرەكنى چىڭ قۇچاقلاپ ئەڭ باشتا تۇراتتى. ئۇنىڭ كەينىگىلا سوقۇلۇشۇپ مەن تۇرۇۋالاتتىم. سەۋەبى، «چامغۇر يۇلدى» ئويۇنىدا ھەممىمىز بىر - بىرىمىزنىڭ بېلىدىن چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ بىر - بىرىمىزنى تارتىشاتتۇق. كىم «يۇلۇنۇپ» كەتسە ئويۇندا شۇ ئۇتتۇراتتى. مەن ئۇنىڭ كەينىدىلا تۇرۇپ ئۇنىڭ ئىنچىكە، زىلۋا بېلىنى چىڭڭىدە قۇچاقلىۋالاتتىم. كەينىمدىن مېنى قۇچاقلىۋالغان باللار ھەرقانچە چىڭ تارتسىمۇ مەن قوللىرىمنى مەھكەم گىرەلەشتۈرۈپ قىزنىڭ بېلىنى قويۇپ بەرمەيتتىم. قىزنىڭ ھارارەتلىك تېنىدىن تارقىلىپ تۇرغان سۈت ھىدىغىمۇ، كۈنجۈت

www.uyghurkitap.com

سېپىلگەن ئاق نانغىمۇ، قىزىلگۈلنىڭ بەرگىدىن تارقىلىدىغان گۈل ھىدىغىمۇ ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر خىل بالىلارچە سەبىي، مەززىلىك ھىدنى ئامراقلىق بىلەن ھىدلىغانچە ئۇنىڭغا غەيرەت تىلەيتتىم. ئۇمۇ خۇشال كۈلكىسى بىلەن ئارقىدىكىلەرگە غەيرەت تىلىگىنىچە سۈرەن سالاتتى.

— يۇلالمىدى ھەي-ھەي، يۇلالمىدى ھەي!...

ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ بەك يېقىملىق ئىدى. شۇنچە كۆپ بالىلارنىڭ ئارىسىدىن ئۇنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق، سۈزۈك ئاڭلىناتتى. بىز ئۇنىڭ ئاۋازىغا ئەگىشىپ قىيقاس - سۈرەن سالاتتۇق.

— سەن ئالدىغا ئۆتە ئۇكام، بەك غىدىقىم كېلىپ كېتىدىكەن!... — دېدى بىر كۈنى ئۇ تۇيۇقسىز مېنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ. ئۇ مەندىن بىر - ئىككى ياش پەرق قىلغىنى ئۈچۈن مېنى ئۇكام دەپ ئاتايتتى. ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئاتىغىنى مېنىڭ قۇلىقىمغىمۇ بەك يېقىملىق ئاڭلىناتتى. مەن ئۇنىڭ بېلىدىن چىڭ قۇچاقلاپ «چامغۇر يۇلغىچە» قوللىرىم ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۇنىڭ تېخى ئەمدىلا قۇش پوكىنى بولغان يۇمران كۆكسىگە تېگىپ كەتكەنىدى. ئۇ شۇنىڭدىن ئېسەنگىرەپ قالسا كېرەك، مېنى تېرەكنى قۇچاقلاپ ئالدىدا تۇرۇشقا بۇيرۇدى. شۇ چاغدا ئۇنى مېنىڭ كەينىمدىلا تۇرسىكەن دەپ تىلەپ كەتتىم. دېگەندەك ئۇ پەقەت بىر كىشىلىك ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ مېنىڭ كەينىمدە تۇرۇپ «چامغۇر يۇلدى» ئويۇنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇ ئىنچىكە بارماقلىرى مەھكەم گىرەلەشكەن قوللىرى بىلەن بېلىمنى چىڭ تۇتقاندا سەبىي، باللىق خىياللىرىم تەسۋىرلىگۈسىز كەڭرى پايانسىزلىقتا پەرۋاز قىلىشقا باشلىغانىدى.

ئانىسىنىڭ ئۇنىڭغا كۆز تەگمىسۇن دەپ كۆز مونچاق ئېسىپ قويغانلىقىنى بىز مەھەللىنىڭ چېتىدىكى قۇملۇقتا ئوينىغىچە ئۇ ماڭا دەپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ دېيىشىچە، چىرايلىق قىزلار كۆز مونچاق ئېسىۋالسا يات كۆزلەردىن، سوغۇق كۆزلەردىن، يامان كۆزلەردىن ساقلارمىش. بۇ گەپنىڭ راست ياكى يالغانلىقىغا مەنمۇ بىر نەرسە دېيەلمەيمەن، ئەمما ئۇنىڭ كۆز تەگكۈدەك چىرايلىق، ئاق كۆڭۈل، ئوڭلۇقلۇقىغا، بىغۇبارلىقىغا باللىق سېزىملىرىم بىلەن مەپتۇنمەن.

ئۇ ماڭا بۇ گەپلەرنى دەپ بەرگەن كۈنى بىز قۇملۇقتا قوغلاشماق ئوينىغانىدۇق. مەھەللىمىزدىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى شەنبە - يەكشەنبە، تەتىللەردە قويلىرىنى ھەيدەپ چىقىپ مەھەللىنىڭ چېتىدىكى ئازغان جاڭگالدا مال باقاتتۇق. 20 - 30 قويى بار بالىلارمۇ، بەش - ئالتە ئوغلىقى بار بالىلارمۇ ماللىرىنى ھەيدەپ مۇشۇ قۇملۇققا يىغىلىشاتتى. ئاندىن ھەممىمىز ھەيدەپ چىققان ماللىرىمىزنى بىرلەشتۈرۈپ جاڭگالنىڭ ئىچكىرىسىگە ھەيدىۋەتكەندىن كېيىن قۇملۇقنىڭ ئۈستىدە ئويۇنىمىزنى باشلايتتۇق. قۇملۇقتىكى ئويۇنلىرىمىز بەكمۇ قىزىپ كېتەتتى. قۇملۇقنىڭ بىر تەرىپى تىك يار ئىدى. بىز تىك ياردىن پەسكە سىيرىلىپ، پەستىن يۇقىرىغا يامىشىپ ئوينايتتۇق. پەسكە سىيرىلساق قۇم دۆۋىسى بىز بىلەن تەڭ تۆۋەنگە ئاقاتتى. تۆپىگە ياماشساق پەسكە قاراپ ئاققان قۇملار بىزنى تۆۋەنگە قاراپ يۇملىتاتتى. قۇملۇقنىڭ يانباغرىدا پىيزەك - يىكەنلەر قويۇق ئۆسكەن بولۇپ قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۈستىدە قوغلاشماق ئوينىساق، قۇملۇقنىڭ يانباغرىدىكى يىكەن - پىيزەكلەر ئارىسىدا مۆكمۆكىلەك، چامغۇر يۇلدى، مېھماندارچىلىق ئويۇنلىرىنى ئوينايتتۇق. ئويۇن تازا قىزىپ ئەۋجىگە چىققاندا ئۇ قىزنىڭ بويندىكى كۆز مونچاق ئېسىلغان قىزىل يىپ ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ. چامغۇر يۇلدى ئويۇنىدا بىرسىنىڭ ئېھتىياتسىزلىقتىن تارتىۋەتكەنلىكى ئېنىق ئىدى. قىزنىڭ بويندىكى كۆز مونچاق شۇ چاغدا يىپتىن سوغۇرۇلۇپ قۇمغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. قىز كۆز مونچىقىنىڭ يوقالغانلىقىنى سەزگەن چاغدا قۇم ئۈستى ئاللىبۇرۇن پېتىقلىنىپ قالايمىقان ئىزلار پەيدا

بولغانىدى. كىچىككىنە كۆز مونچاقنىڭ قۇم ئۇستىگە چۈشۈپ يىتمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟ قىز مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىغاندا ھەممىمىز بىردىنلا جىددىيلەشتۇق.

— قايسىڭلار كۆردۈڭلار؟ كۆرگەن بولساڭلار دەررۇ بېرىۋېتىڭلار!

توپتىن ھېچكىم ئۈندىمىدى. قۇمغا ئارىلىشىپ كەتكەن كۆز مونچاقنى تېپىش ئۈچۈن بۇدرۇق قوللار ھەرىكەتكە كەلدى. چوڭ - كىچىك ھەممىمىز يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قۇمنى ماتىلايتتۇق. ئالقانلىرىمىزغا ئالغان قۇمنى بارماقلىرىمىز ئارىسىدىن ئاۋايلاپ سىرغىتىپ كۆز مونچاقنى تاپماق بولۇشاتتۇق. ئالقاچان ئىككى مەڭزىگە قۇم چاپلىشىپ، يۈزلىرى ياش يۇقىدا مەينەت بوپكەتكەن قىز بىزنىڭ قوللىرىمىزغا زور ئۈمىد بىلەن قارىغىنىچە ئېسەدەيتتى.

بىز كۆز مونچاقنى تاپالمىدۇق. كۆز مونچاق يەر يۇتقاندەكلا يوقالغانىدى. شۇ چاغدا قىزنىڭ كۆزىدىن مونچاقتەك ئىككى تامچە ياش سىرغىپ مەڭزىنى بويلاپ ئاقتى.

— ئۆيگە كىرسەم ئانام ئۇرىدىغان بولدى ئەمدى!...

قىزغا ئىچىم ئاغرىدى. ئىچىمدە كۆز مونچاقنىڭ ماڭا ئۇچراپ قېلىشىنى شۇنچە تىلەپ كەتتىم. ئەگەر كۆز مونچاق ماڭا ئۇچرىغاندا مەن ئۇنى خۇش قىلالايتتىم. ماڭا ھەر قېتىم گەپ قىلغاندا «ئۇكام» دېگەن سۆزنى تولا ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈنمۇ ياكى بىز دائىم ئويۇن ئوينىغاندا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوينىغانلىقىمىز ئۈچۈنمۇ ۋە ياكى باشقا نامەلۇم سەۋەبتىنمۇ بىلمەيمەن، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئەڭ يېقىن سېزەتتىم ۋە ئۇنىمۇ ماڭا ئەڭ يېقىن دەپ خىيال قىلاتتىم. قىزنىڭ يېشى مەندىن بىر قانچە ياش چوڭ ئىكەنلىكىگە قوشۇلۇپ بويىمۇ مەندىن ئىككىلىك ئېگىز ئىدى. ئانىسىنىڭ كىيىملىرىدىن ئۆزگەرتىپ تىكىپ بېرىلگىنى چېنىپلا قالغان تاغاردەك كەڭ، ئۇزۇن كىيىملەر ئۇنىڭ زىلۋا، ئېگىز، ئەۋرىشىم بويىغا يەنىلا خوپ يارىشاتتى. كونا، ئەمما رەتلىك كىيىلگەن كىيىملەر ئۇنى ئاجايىپ بىغۇبار، سەبىي، ئۇماق ۋە لەۋەن قىلىپ كۆرسىتەتتى.

— بىر تال كۆز مونچاققا تىللاپ كەتمەس، يىغلىمىغىنە، — دېدىم قىزغا تەسەللى بېرىپ.

— ئانام كۆز مونچاقنى يىتتۈرمە، كۆز مونچاقنى يىتتۈرۈپ قويساڭ يامان كۆز، يامان سۆز تېگىدۇ دېگەنتى!

قىزنىڭ ئۆكسۈپ تۇرۇپ سۆزلەشلىرى ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتاتتى. سۆزلەۋېتىپ تىترىگەن ئاۋازدا ئېسەدەيتتى. بۇلاقتەك تىنىق، مۆڭلۈق ئاھۇ كۆزلىرىدىن مونچاق - مونچاق كۆز ياشلار يۇمىلاققىنە مەڭزىگە توختىماي تېمىپ تۇراتتى. يېشى بىر - بىرىدىن چوڭ - كىچىك ئوغۇل - قىزلار ئۇنى چۆرىدەپ ئىچ ئاغرىتقاندەك جىمجىتقىنا قاراپ تۇرۇشاتتى.

— ناھايىتى بىر تال كۆز مونچاققۇ؟ شۇنىڭغىمۇ شۇنچە قورقۇش كېتەمدۇ؟ — دېدى مەندىن بىر سىنىپ تۆۋەن ئوقۇيدىغان بىر ئوغۇل بالا ئۇنى زاڭلىق قىلغاندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

— ئانام كۆز مونچاقنى چىڭ ساقلاڭ، كۆز مونچاق قىز بالىنىڭ زىنىتى، قىز بالا ئۆزىنىڭ زىنىتىنى يىتتۈرۈۋەتسە بولمايدۇ، دېگەن!

ئولىشىپ تۇرغانلار ئۈن چىقمىدى. ئەتىگەندىن بېرىكى خۇشال - خۇرام ئوينىغان ئويۇنلىرىمىز مەززىسىزلا ئاياغلاشقاچقا قويلىرىمىزنى جەمجەت ئايرىشتۇق. مەن كۈندىكى ئادىتىم بويىچە ئۇنىڭ قويلىرىنى ئايرىپ بەردىم. ئۇ كۈندە بىز بىلەن بىللە قوي باقسىمۇ ئۆزىنىڭ قويلىرىنى تېخى تولۇق تونۇپ بولالمايتتى. مەھەللىدىكى بالىلارنىڭ ئىچىدە مەنلا ھەممە بالىلارنىڭ قويلىرىنىڭ رەڭگىنى، ئەركەك - چىشىسىنى تولۇق بىلەتتىم. كەچكىچە ئويۇنغا بېرىلىپ، كۆز باغلانغاندا قويلىرىنى پەرق ئېتەلمەي يىغلامسىرىغان بالىلارنىڭ قويلىرىنى مەن

ئايرىپ بىرەتتىم.

ئۇ ئىسەدىگەن پېتى مەن ئەمدىلا بىر چەتكە ئايرىپ چىققان قويلىرنى ھەيدەپ ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

ئولتۇرسام - قوپسام كۆز ئالدىمغا ئۇنىڭ كۆز مونچاقنى يوقىتىپ قويغاندا يىغلىغان بىچارە ھالىتى كىلىۋالدۇ. گەرچە يېشى بىزدىن چوڭراق بولسىمۇ بىزگە قېتىلىپ باللارچە گۆدەكلىك بىلەن سورەن سېلىپ ئوينايدىغاندىكى غەمسىز ھالىتى بىلەن كۆز مونچاقنى يىتتۈرۈپ قويغاندىكى بىچارە ھالىتى، نېمە قىلارنى بىلمەي مەڭزى توپا بولغان ھالدا ئىسەدەپ يىغلىشى ئىچىمنى سىيرىلدۇرۇپ، كۈن خېلى كەچ بولغىچە ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپلا تۇردۇم. مەھەللىمىزدە ھەممە باللارنىڭ ئانىسى دېيەرلىك باللىرىنى تاياق بىلەن قورقۇتۇپ ئەدەپلەيدۇ، ھەتتا قىزلارغىمۇ خېلى قاتتىق تەنبىھ بېرىدۇ. كەپسىزلىك قىلغىنى ئۈچۈن ياكى قىلغان نەسىھەتلەر قۇلىقىدا تۇرمىغانلىقى ئۈچۈن تاياق - تەنبىھ يېگەن باللار ئەتىسى چۈشنىڭ ئىزى قالغان پاقالچاقلىرىمىزنى، قىزىرىپ قالغان قۇلاقلىرىمىزنى ئەتەي بىر - بىرىمىزدىن يوشۇرۇپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك ھىجىيىپ يۈرۈۋېرەتتۇق، ھەتتا تېخى خاتا قىلىپ قويغان ئىشلىرىمىز ئۈچۈن ھېلىلا ئاتا - ئانىلىرىمىزدىن تاياق يەيدىغانلىقىمىزنىمۇ بىر - بىرىمىزدىن يوشۇرۇشاتتۇق.

قىزنىڭ:

— ئۆيگە كىرسەم ئانام ئۇرىدىغان بولدى ئەمدى! ... — دەپ مىشىلداپ يىغلىغىنى كۆڭلۈمنى پاراكەندە قىلىپ، ئىختىيارسىز ئۇنىڭ ئۆيى تەرەپكە قۇلىقىمنى تۇتۇپ تىڭشاپ باقتىم. «ئانىسى ئۇنى راستىنلا ئۇرغانمىدۇ؟ چىۋىق بىلەن ئۇرغانمىدۇ ياكى شاپىلاق بىلەنمۇ؟ ...» دېگەنلەرنى ئويلاپ تىنچسىزلىناتتىم. ئۇنىڭ ئانىسىدىن تەنبىھ ئاڭلاۋاتقاندىكى مەسۇمە، بىچارە ھالىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ بېقىشقا تىرىشاتتىم.

ئۇنى نېمىشقا بۇنچە كۆپ ئويلاپ كېتىدىغانلىقىمنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن. ئۇچىسىغا چوڭراق كېلىپ قالغان كىيىملىرى بىلەن بىزدىن چوڭ كۆرۈنىدىغان لاتاپەتلىك بويى، ئەينەك ياغلىقتىن بىلىنەر - بىلىنمەس چىقىپ تۇرغان ئەمدىلا قارلىغاچ قانىتىچىلىك ئۆسكەن قوڭۇر چاچلىرى، ھە دېگەندە ھەممىمىزنى «ئۇكام - ئۇكام» دەپ ئەركىلىتىپ تۇرۇپ سۆزلەشلىرى، يېقىن تۇرۇپ ئويۇن ئوينىغاندا ھارارەتلىك تېنىدىن تارقىلىپ تۇرىدىغان سۈت ھىدىغىمۇ، كۈنجۈت سېپىلگەن ئاق نانغىمۇ، قىزىلگۈلنىڭ بەرگىدىن تارقىلىدىغان گۈل ھىدىغىمۇ ئوخشاپراق كېتىدىغان باللارچە سەبىي، مەززىلىك ھىدى ئىختىيارسىز ئامراقلىقىمنى قوزغايتتى. مەھەللىمىزدىكى باشقا باللارمۇ ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى. ئەمما مەن ئۇنىڭغا شۇنچىكى ئىچەكىشىپ كەتكەن ئىدىمكى، ئەگەر ئۇ بىرەر كۈن قوي باققىلى چىقماي قالسا ماڭا جاڭگالدا قوي بېقىش ئىنتايىن مەززىسىز تۇيۇلاتتى.

شۇ كۈنى كۆز باغلانغان چاغدا ئۆيۈمدىكىلەرگە ئۇقتۇرماي غېپىدە چىقىپ كەتتىم. ئىختىيارسىز قەدەملىرىم ئۇنىڭ ئۆيىگە قاراپ شىلتەندى. ئۆزۈمنىڭ نېمە دەپ ئۇنىڭ ئۆيىگە ماڭغىنىمنى ئۆزۈممۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن. پەقەت ئۇنى ئانىسى ئۇرىدىمىكىن دېگەن بىرلا ئەندىشە، تەشۋىش كاللامغا كىرىۋالغاندى. غەيرەت بىلەن قەدەم ئالغىنىمچە ئۆزۈممۇ بىلمەي ئۇنىڭ ئۆيى ئالدىغا كېلىپ توختىدىم.

گىرىمسەن قاراڭغۇلۇقتا قارىيىپ كۆرۈنگەن تۆمۈر دەرۋازىنى يېنىككىنە ئۇردۇم. شۇنچە يەڭگىل، ئاۋايلاپ ئۇرساممۇ كونىرىغان تۆمۈر دەرۋازا قۇلاقنى يارغۇدەك داراڭلاپ كەتتى. قورقۇپ ئىتتىك ئۆيۈم تەرەپكە قاردىم. ئۆيۈم ئۇنىڭ ئۆيىدىن يەتتە ئۆيلا نېرىدا ئىدى. خۇددى ئۆيۈمدىكىلەر ئۇنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسىنى مېنىڭ چېقىۋاتقانلىقىمنى بىلىپ قالىدىغاندەك جىددىيلىشىپ

كەتتىم. كەچ بولغاندا ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا تىمسىقلاپ، دەرۋازىسىنى دارىتىلىتىپ قېقىۋاتقانلىقىمنى گەپچى، چاقچاقچى دادام كۆرۈپ قالسا «ئوھوي، بىزنىڭ ئوغلىمىزغا كىچىككىنە تۇرۇپ خىيال كىرىپتۇ مانا!...» دېمەيدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟!...

شۇ چاغدا دەرۋازا ئېچىلىپ، ئۇنىڭ ئاچچىقى يامان ئانىسىنىڭ قاتاڭغۇر چىرايى كۆرۈندى. تۇيۇقسىز تەمتىرەپ كەتتىم. خىيالىمدا دەرۋازىنى ئۇنى ئۆزى ئاچىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق ئۇنىڭ ئانىسىنى كۆرۈپلا ھودۇققىنىمدىن ئارقامغا ئىككى ماڭدام داجىدىم.

— ئۆيگە كىرە.

مەن يا ئۆيگە كىرىشىمنى، يا كەينىمگە يېنىشىمنى قارار قىلالماي قاققان قوزۇقتەك جايىمدا تۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭ ئانىسى قايتا ئېغىز ئاچتى.

— ھە، بىرەر گېپىڭ بارمىتى؟

— ئاقباش قوزىمىز يوق تۇرىدۇ، شۇ... سىلەرنىڭ مال بىلەن كىرىپ قالدىمىكىن دەپ...

جىددىي پەيتتە مۇشۇنداق ئەپچىل چارىنى نەدىن ئويلاپ تاپقانلىقىمغا ئۆزۈممۇ ھەيران! ئۇنىڭ ئانىسى دەرۋازىنىڭ يەنە بىر قانىتىنىمۇ ئاچقاچ ماڭا تەئەددى قىلدى.

— ھە، خوپ بوپتۇ! كۆن كەچ بولغىنىنى بىلمەي ئويناۋېرىپ ئەمدى كېچىچە قوي ئىزدەيدىغان گەپ. ھۇ ئويۇنغا تويمايدىغانلار!...

ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ھويلىغا قاراپ ماڭغاچ قوشۇپ قويدى.

— ماڭە ئۆزۈڭ قارىۋال... قىزىمىنىڭ كۆز مونچىقىمۇ يىتىپ كېتىپتۇ. خەپ، ئەتىدىن باشلاپ قوي باققىلى چىقارتمايمەن!

يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ قالدى. ئۆيۈمدىكىلەرنىڭ ئەتەي يىتمىگەن قوزىنى يىتىپ كەتتى، دەپ يالغان ئېيتىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگىنىمنى ئاڭلاپ قېلىشىدىن قورققىنىم ئۈچۈنمۇ ياكى ئۇنىڭ بىلەن ئەمدى بىللە قوي بېقىشتىن مەھرۇم قالىدىغىنىم ئۈچۈنمۇ بىلمەيمەن، بىر سوغۇق مۇز مېڭەمدىن كىرىپ تاپىنىمدىن چىققاندەك ئەندىكىپ ئۇنىڭ ئانىسىغا ئۈنسىز ئەگەشتىم. ئەگەر ئۇ قوي باققىلى چىقمىسا مېھرى ئىسسىق تۇيۇلىدىغان بۇ جاڭگالنىڭ، كۆزىمىزگە چىرايلىق كۆرۈنىدىغان قۇملۇقنىڭ، قومۇش - پىيزەكلىكتىكى بىر - بىرىدىن قىزىق ئويۇنلىرىمىزنىڭ ھېچقانداق لەززىتى قالمايتتى. يەنە تۇرۇپلا ئۇنىڭ ئانىسنى قۇرۇق ھەيۋە قىلىۋاتىدۇ، دەپمۇ ئويلايتتىم. قوينى ئۇ باقمىسا كىم باقىدۇ؟ ئاچچىقىدا شۇنداقلا بىر دەپ قويغان گەپ...

ھويلىنىڭ بۇلۇڭىدا چەللە ئاستىدىكى ئوچاقتا ئوت كۆيۈۋاتاتتى. ئۇ ئوچاقنىڭ يېنىدا بىر ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنىكەن، ئوتنىڭ يورۇقىدا مېنىڭ كىرگىنىمنى كۆرۈپ پىسسىڭىدە قىلىپ كۈلۈپ قويغىنىنى قىزغۇچ ئوت يورۇقىدا سۈس پەرق ئەتتىم. مەنمۇ جاۋابەن ئۇنىڭغا قاراپ ھىجىيىپ قويدۇم. بىز ھويلىنىڭ چېتىدىكى قوتاننىڭ كالتە تېمىغا يېقىن كەلگەندە ئانىسى ئۇنىڭغا قاراپ:

— قولچىراغنى ئەكىلىپ بېرە قىزىم، — دەپ بۇيرۇدى.

ئۇ قولچىراغنى ئېلىپ يېقىن كەلگەندە مەن ئۇنىڭ گىرىمسەن قاراڭغۇدا قارىيىپ كۆرۈنگەن چىرايىغا سەپسالدىم. ياغلىقىنى كۆزىگىچە چۈشۈرۈپ سىلىۋالغىنىدىن، ماڭا قاراپ سۈس جىلمايغىنىدىن يىغلىغىنى بىلىنىپ تۇراتتى. قارىغاندا ئانىسى ئۇنىڭغا خېلى قاتتىق تەنبىھ بەرگەن بولسا كېرەك. ئۇ يېنىمىزدا كۆپ تۇرمايلا ئوچاق بېشىغا كەتتى. ئۇنىڭ يېنىمدىن يىراقلىشى بىلەن تەڭلا دائىم ئامراقلىقىمنى كەلتۈرىدىغان تونۇش ھىدىمۇ تەڭ يىراقلىدى.

— يوقمىكەن؟ — ئۇنىڭ ئانىسى ماڭا نارازىلىق بىلەن قارىدى، — ئويۇنغا تويمىغانىنىڭ دەردى مانا!...

مەن گەپ - سۆز قىلماي تالاغا ماڭدىم، دەرۋازا

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى

تەرەپكە ماڭغاندا ئوچاق بېشىدىن ئۇنىڭ يېقىملىق، تاتلىققىنە ئۈنى ئاڭلاندى.

— ئۇكام ئاش ئىچىپ چىقە...

مەن خوش ئېيتىپ سىرتقا چىقتىم، تۆمۈر دەرۋازا داراڭلاپ يېپىلدى.

مەھەللىمىزگە قاتنايدىغان ئاپتوبۇستا ئولتۇرۇپ ئاشۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە قوي بېقىشتىن مەھرۇم قالغىنىمنى ئەسلىدىم. ئۆز خىيالىمدا سەۋەبىنىڭ بىر تال كۆز مونچاق ئىكەنلىكىنى ئويلىسام ناھايىتى ئەپسۇسلۇق خىياللار كاللامدا ئەلەڭگىيدۇ. ئەگەر شۇ چاغدا كۆز مونچاقنى تېپىۋالغان بولسام ياكى ئۇنىڭغا بىر تال كۆز مونچاق تېپىپ بەرگەن بولسام قانداق ياخشى بولاركەن؟ ئەگەر ئۇنىڭ كۆز مونچىقى يىتمىگەن بولسا ئۇ يەنىلا بىز بىلەن بىللە قوي باققان بولاتتى. ئۇنىڭ كۆز مونچىقى يىتمىگەن بولسا بىز بىللە قۇملۇقتا قوغلىشىپ ئوينىيالىغان بولاتتۇق. قومۇش - پىيزەك ئارىسىدا مۆكۈشمەك ئوينىيالىغان بولاتتۇق. «چامغۇر يۇلدى» ئوينىيالىغان بولاتتۇق. «چامغۇر يۇلدى» ئويناش مەن ئۈچۈن ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىش ئىدى! ئۇنىڭ كۆز مونچىقى يىتمىگەن بولسا «چامغۇر يۇلدى» ئوينىغىنچە مەن ئۇنىڭ ئەۋرىشىم بېلىدىن مەھكەم قۇچاقلىۋالغان بولاتتىم. ئۇنىڭ تېخى ئەمدىلا قارلىغاچ قانىتى بولغان چاچلىرى يەلپۈنۈپ چۈشكەن يۇمران بويۇنلىرىدىكى كۆز مونچاقتىن دۇنيانىڭ ئەكسىنى كۆرگەن بولاتتىم. بەلكىم قوللىرىم ئۇنىڭ قۇش پوكىنى بولغان يۇمران كۆكسىگە تېگىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ھېچبولمىسا يىلدا بىر قېتىم ئۆيگە قايتالايدىغان يىراق شەھەردىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا مېڭىش ئالدىدا، ئاخىرقى قېتىم ئۇنىڭ ھارارەتلىك تېنىدىن تارقىلىپ تۇرغان سۈت ھىدىنىمۇ، كۈنجۈت سېپىلگەن ئاق نانغىمۇ، قىزىلگۈلنىڭ بەرگىدىن تارقىلىدىغان گۈل ھىدىنىمۇ ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر خىل باللارچە سەبىي، مەززىلىك ھىدنى ئامراقلىق بىلەن يەنە بىر رەت ھىدلىۋالالىغان بولاتتىم...

ئاستاغىنا ئالقىنىمدىكى كۆز مونچاققا قارىدىم. كۆز مونچاق ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن چۈشۈپ تۇرغان يورۇقلۇقتا پارقىراپ تۇراتتى. بىر نەرسە تۇيۇقسىزلا خىيالىمدىن كېچىپ ئۆتتى. كۆز مونچاق ئالقىنىمدا ئەمەس، ئۇنىڭ بويىندا ئېسىقلىق ھالەتتە تۇرسا ئاندىن شۇنچە سۆيۈملۈك كۆرۈنىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ھەئە! قىزىل يىپقا ئۆتكۈزۈلۈپ، قارلىغاچ قانىتىلىك ئۆسكەن قوڭۇر چاچلار يەلپۈنۈپ تۇرغان يۇمران بويۇنغا ئېسىلىپ تۇرغاندا ئاندىن كۆز مونچاق سېھىرلىك ۋە مېھىرلىك كۆرۈنسە كېرەك! شۇندىلا كۆز مونچاقتىن پۈتكۈل ئالەمنىڭ ئەكسى كۆرۈنسە كېرەك...

كۆز مونچاق يەنە ئۇنىڭ كۆزىگە ئوخشايتتى. قارىسى قارا، ئېقى ئاق، خۇددى سېغىنىش ئىلكىدە مۇڭغا پاتقان ئاھۇ كۆزلۈك جانانىنىڭ كۆز قارىچۇقىدەك...

ھەئە، مەن ئوقۇشقا ماڭغان كۈنى ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى كۆز مونچاقتەك يالتىراپ كەتكەنىدى. مەھەللىدىكى قوشنا - ھەقەمسايىلار مېنىڭ چوڭ شەھەردىكى نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا ماڭماقچى بولغىنىمدىن خەۋەر تېپىشىپ مەن بىلەن خوشلاشقىلى كىرگەنىكەن. شۇلارنىڭ قاتارىدا ئۇمۇ ئانىسى بىلەن بىللە كىرگەنىدى. ئانىسى شۇ چاغدا مېنىڭ قۇلىقىمنى قاتتىق قوللىرى بىلەن قوپال سوزغىنىچە ئەركىلىتىپ چاقچاق قىلغانىدى.

— ياخشى ئوقۇپتىكەن ھە بۇ ئويۇن قېپى ئادەمنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرۈپ!... مانا ئەمدى ئانام - دادام كۆرمىگەن چوڭ شەھەرلەردە ئوقۇپ كېلىدىغان بولدۇڭ. ساڭا ئۆلگۈرگىدەك قىزىم بولغان بولسىمۇ بېرەركەنمەن!...

شۇ چاغدا خىجىللىق ئارىلاشقان ئاجايىپ بىر ئىللىق سېزىم ئەزايى - بەدىنىمگە شۇررىدە تارىغاندەك بولۇپ، يەر تېگىدىن قاراپ ئۇنىڭ

قارىغاتتەك كۆزلىرىنىڭ مۆكۈلىنىپ قالغانلىقىنى، كۆز قارىچۇقلىرىنىڭ كۆز مونچاقتەك يالتىراپ قالغانلىقىنى سەزدىم. بەلكىم ئۇدۇل قارىيالىغان بولسام كۆز مونچاقتەك كۆزلىرىدىن دۇنيانىڭ ئەكسىنى كۆرگەن بولار ئىدىم. ياق، بەلكىم ئۆزۈمنىڭ ئەكسىمنى كۆرگەن بولار ئىدىم!...

ئۆيگە يېقىنلاشقانسېرى يۈرەكلىرىم تىپچەكلەپ كەتتى. مەھەللىگە كىرگەندە ئۇنى قايسى ھالەتتە كۆرەرمەنكىن؟ بويىندا يەنە كۆز مونچاق بارمىكىن؟ ئەگەر ئىلگىرى يىنتۇرۇۋەتكەن كۆز مونچاققا ئوخشايدىغان بۇ كۆز مونچاقنى ئۇنىڭغا بەرسەم ئۇ چوقۇم خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. قىزىل يىپ بىلەن ھېققتەك سۇزۈك بويىنغا ئېسىۋالسا، كۆز مونچاقتىن دۇنيانىڭ ئەكسى كۆرۈنسە، بەلكىم مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ئەكسىنى كۆرەلىسەم!...كۆز مونچاقتىن ئۆز ئەكسىم كۆرۈنگۈدەك يېقىن ئارىلىقتا تۇرغاندا ئۇنىڭ ھارارەتلىك تېنىدىن تارقىلىپ تۇرغان سۈت ھىدىنىمۇ، كۈنجۈت سېپىلگەن ئاق نانغىمۇ، قىزىلگۈلنىڭ بەرگىدىن تارقىلىدىغان گۈل ھىدىغىمۇ ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر خىل باللارچە سەبىي، مەززىلىك ھىدىنى ھىدلىيالىسام!... ئەپسۇس، ئەمدى ئۇنداق يېقىن تۇرغىلى بولماس، مەنمۇ بۇ بىر يىلدا ئۆزۈمنى خېلىلا چوڭ بولۇپ قالغاندەك، ئۇنداق قىزىق ئويۇنلارنى ئوينىسام ئەمدى ياراشمايدىغاندەك ھېس قىلمەن، ئۇ بولسا بويى تېخىمۇ ئۆسۈپ كەتكەندۇر؟ قارلىغاچ قانتى بولۇپ ئۆسكەن چاچلىرى ئەمدىگىچە دۇمبىسىگە چۈشكەندۇر؟ «چامغۇر يۇلدى» ئويۇنى ئوينىغاندا ئېھتىياتسىزلىقتىن... ھەي، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىما؟!...

بىر يىلدىن بۇيان كۆزۈمدىن ئۇچقان سۆيۈملۈك مەھەللەم قايتا كۆز ئالدىمدا پەيدا بولۇشقا باشلىدى. يەنە بىر ئاش پىشىملاردا ئۆيۈمگە يېتىپ بارىمەن. ئاپتوبۇس ئۇنىڭ دەرۋازىسىدىن يەتتە ئۆي ئاتلاپ ئۆتۈپ ئاندىن

مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ ئالدىدا توختايدۇ. شۇ چاغدا ئۇ ئۆيىنىڭ ئالدىنى سۈپۈرۈۋاتقان ھالەتتە كۆزۈمگە كۆرۈنەر ياكى ھېلىقى كەڭ كېلىپ قالسىمۇ زىلۋا بەدىنىگە ئاجايىپ يارىشىدىغان ئاددىيغىنە كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى تۇرۇپ قويۇپ ئېشىك ئالدىغا سۇ سېپىۋاتقان ھالەتتە كۆرۈنەر؟ بەلكىم مەن ئۆيۈمنىڭ ئالدىدا ئاپتوبۇستىن چۈشۈۋاتقاندا ئۇ مېنىڭ ئاپتوبۇسدىن تۇيۇقسىز چۈشۈۋاتقىنىمنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالغان ھالەتتە كۆرۈنەر. يەنە بەلكىم مېنى ئاپتوبۇس ئەينىكىدىن كۆرۈپلا قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ يېقىملىق جىلمايغان ھالەتتە كۆرۈنەر... ئىشقىلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش بەك ئۇنتۇلغۇسىز بولىدۇ. ئۇنىڭ چىرايلىق بىر جۈپ كۆزلىرى مېنىڭ ئالقىنىمدىكى كۆز مونچاقتەك يالتىراپ كېتىدۇ. مېنى كۆرۈپ ئامراقلىق بىلەن:

— ئۇكام، تەتىل قىلىپ كەلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ بىر - ئىككى ياش پەرق قىلغىنىمىزغا قارىماي مېنى «ئۇكام» دەپ چاقىرىشى ئاجايىپ سەبىي، ئاجايىپ كىرسىز، ئاجايىپ بىغۇبار، يەنە ئاجايىپ تاتلىق!...

قوشنا مەھەللىنىڭ ئايلانمىسىدا ئاپتوبۇس كۈشۈلداپ - پىشىلداپ توختىدى. پاكىز يۇيۇلغان ئاق شاپاق دوپپا كىيىۋالغان بىر يىگىت بىلەن ياغلىقنى كۆزىگە چۈشۈرۈپ سىلىۋالغان ئېغىر ئاياغ بىر چوكان ئاپتوبۇسقا چىقتى. ئاپتوبۇس قايتا قوزغالدى. چوكان تومپىيىپ قالغان قورسىقىنى ئايىغانچە كاسسىنى بوش ئورۇندۇققا قويار - قويماستىنلا شاپاق دوپپىلىق يىگىت ئۇزۇن قوللىرىنى ھاۋاغا چېنەپ چوكانغا ھەيۋە قىلىشقا باشلىدى.

— يېقىندىن ئىشەك ئالماڭ، يىراقتىن خوتۇن دېيىشەتتى، تەتۈر گەپكەن ئۇ! يېقىندىنمۇ خوتۇن ئالامدىغان؟

— ئەجەب بىر دەپ كەتتىلە، مۇشۇ ئالتە

www.uyghurkitap.com

ماڭدام ئارىلىقتا تۇرۇپمۇ 15 كۈندە بىر ئانامنى يوقلاپ بارالماپتىم ئەمدى؟...

— بارساڭمۇ نېمىش قىلىپ بېرەلەيتتىڭ ئاناڭغا؟ پۇشۇلداپ ئولتۇرۇشۇڭ ئەنە شۇ!...

— ھەر دائىم ئانامنىڭ ئۆيىگە ئازنى - شەمبى قىلىپ ماڭساملا كۆزۈمدىن بىر رەت ياش چىقىرىلا! ئۆيدە دۆشكەلگەنلىرىمۇ يېتەر، ئۆپچۆرىمىزدە كىشىلەردىن خىجىل بولسىلا...

— تەڭ تۇرۇۋاتقىنىنى مانىڭ؟ بىرنى قويسام بىكار!...

يىگىت ئوتۇندەك قاتتىق قوللىرى بىلەن چوكاننىڭ چېكىسىگە قاتتىق بىرنى نوقۇۋېدى، چوكاننىڭ ئورۇندۇقتا ئاران پاتقان گەۋدىسى سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. چوكان ئالدىدىكى ئورۇندۇققا چىڭ ئېسىلىپ يىقىلىپ كېتىشتىن ئۆزىنى قوغداپ قالدى. ئەتراپتىكىلەردىن خىجىل بولۇپ چىرايىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىۋاتقان چوكاننىڭ تاتىراڭغۇ يۈزىگە يان تەرەپتىن كۆزۈم چۈشكەندە تۇيۇقسىز ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدىم!

رەڭگى ئۆڭگەن ئېگىز پاشىنلىق ئاياغ، تولا يۇيۇلغىنى بىلىنىپ تۇرغان قىزىل ئېڭگىلىشىن كۆڭلەك، چوققىسىغا تۈرمەكلەنگەن چاچلارنى كۆتۈرۈپ تۇرغان گۈللۈك ياغلىق ئاستىدىكى داغ - سەپكۈن باسقان ئورۇق چىراي دەل ئۇ ئىدى!...

بىرسى بېشىمدىن بىر قاپاق مۇزدەك سۇنى قۇيۇۋەتكەندەك ئەندىكىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتكىلى قىل قالدىم. ئالدىمدىكى ئورۇندا يىگىتنىڭ نېمىلەرنىدۇر دەپ يېنىدىكى ئېغىر ئاياغ چوكانغا، ياق، ئۇنىڭغا تەئەددى قىلىپ سۆزلىگىنى، ھەيۋە قىلغىنى، نوقىغىنى، چوكاننىڭ، ياق، ئۇنىڭ مىشىلدىغىنى قۇلىقىمغا كىرمەي خۇددى يەر ئايلىنىشتىن توختاپ قالغاندەك، مىڭەم تورمۇزلىنىپ قالغاندەك گاراڭ ھالەتتە ئولتۇرۇپ قالدىم.

قانچىلىك ئولتۇرغىنىمنى بىلمەيمەن، ئاپتوبۇس تورمۇزلاندى. يىگىت بىلەن چوكان، ھە ياق! ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشتى. ئىككىيلەن ئاپتوبۇسنىڭ ئىشىكىگە قاراپ ماڭدى. ئاپتوبۇس ئىشىك ئالدىغا كېلىپ قالغانىدى. شۇ چاغدا چوكان، ھە ياق! ئۇ ئارقىغا بۇرۇلۇپ ئاپتوبۇستىكىلەرگە قىيا قاراپ قويدى. ئىتتىك بېشىمنى ئالدىمدىكى ئورۇندۇقنىڭ دالدىسىغا يوشۇردۇم. نېمىشقا ئۇنداق قىلغىنىمنى ئۆزۈمگە قاراڭغۇ. ئۇلار چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ئاپتوبۇس يەنە قوزغالدى. ئاپتوبۇس قوزغىلىپ بولغاندىن كېيىن ئەينەكتىن سىرتقا ئوغرىلىقچە قارىدىم. ھەئە، ئاپتوبۇس ئەينىكىدىن ئۇنى كۆرگەنىدىم. ئۇنى ئىشىك ئالدىنى سۈپۈرۈۋاتقاندەك ھالەتتە ئەمەس، كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى تۈرۈپ قويۇپ سۇ سېپىۋاتقاندەك ھالەتتە ئەمەس ياكى ئاپتوبۇستىن چۈشۈۋاتقان بىرسىگە قول پۇلاڭلىتىپ تاتلىققىنە كۈلۈمسىرەۋاتقان ھالەتتىمۇ ئەمەس، بەلكى كونىرىغان تۆمۈر دەرۋازا ئالدىدا توختاپ قاداقلاشقان ئالقانلىرى بىلەن مەڭزىدىكى ياشنى چاندۇرماي سۈرتۈۋاتقان، يېنىدىكى شاپاق دوپپىلىق يىگىتكە قاراپ مەيۈس كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى چاڭ - توزانلارنى قېقىشتۇرۇپ قويۇۋاتقان، ئاندىن ئېغىر ئاياغ تېنىنى ئاياپ بىر قولى بىلەن بېلىنى تۇتقىنىچە يىگىتكە يېقىن سوڭدىشىپ تۆمۈر دەرۋازا تەرەپكە قەدەم ئېلىۋاتقان ھالەتتە كۆرگەنىدىم!...

ئاپتوبۇس ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدا توختىدى. ئورنۇمدىن تۇرۇۋېتىپ ئىختىيارسىز ئالقىنىمغا قارىدىم. ئەتىگەندىن بېرى مەھكەم سىقىمداپ ئولتۇرغان كۆز مونچاق ئالقىنىمدا كۆرۈنمەيتتى. باللىق گۆدەك قەلبىمنى بىر مەھەل شېرىن ھېسلارغا چۆمۈلدۈرگەن، يىتكىنى بىلەن تېپىلغىنى ئوخشاشلا ماڭا ئەڭ تاتلىق تۇيغۇلارنى ئاتا قىلغان، ئالەمنىڭ ئەكسىنى ئۆزىگە پاتۇرغان، ياق، ئالەمچە مۇھەببەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ھېلىقى كۆز مونچاق يەنە يىتىپ كەتكەنىدى!...

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمۇدۇن يېزىسىدا دېھقان.



# سۈزۈك ئېقىن

تۇرغۇن مىجىت

(ھېكايە)

ھېيتەم تولىمۇ ھېيىققان بىر قىياپەتتە سادىر بوۋاينىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بوۋا.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كەل بالام.

بوۋاي شۇنچە ياشقا كىرىپ قالغىنىغا قارىماي، چاققان بىر ھەرىكەت بىلەن ئورنىدىن تۇردى. تېخى يېغىلمىغان داستىخاندا گۈللۈك جانان چەينەك ۋە پىيالىگە لىققىدە قۇيۇلغان زەپە چاي تۇراتتى. ھېيتەم بوۋاينىڭ چايخۇمارلىقىنى بىلەتتى. ھازىرمۇ ئۇ كەچلىك تاماقتىن كېيىنكى چاي ھۇزۇرىنى سۈرۈۋاتقاندەك قىلاتتى.

ــ كەل بالام، يېنىمدا ئولتۇر، ــ دېدى بوۋاي سالام ـ سەھەتتىن كېيىن، ھېيتەمنى ئۆز يېنىغا تارتىپ ئولتۇرغۇزۇپ، ــ ھە، يېقىنقىلاقى مەھەللىدە كۆرۈنمەي قالدىڭغۇ؟

ــ سىرتنى ئايلىنىپ كەلدىم، ــ دېدى ھېيتەم يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان تىزلىرىنى سەل ئالدىغا سۈرۈپ، پەس ئاۋازدا.

ــ جاھاندا ئۆزگىرىشلەر جىق ھەقاچان؟

ــ شۇنداق، ئادەم ھەيران قېلىپمۇ ئۈلگۈرگىلى بولمايدۇ.

ــ يېڭى ئۆزگىرىشلەرنىمۇ جىق كۆرگەندەك قىلىسەن، لېكىن مەھەللىگىمۇ ئانچە ـ مۇنچە يېڭىلىقلارنى ئالغاچ كەلدىڭمۇ يا، بالام؟

ھېيتەم بىر نەرسە دەپ بولغىچە بوۋاينىڭ كىچىك كېلىنى شىپىرلاپ كىرىپ، ھېيتەمنىڭ ئالدىغىمۇ بىر پىيالە قويدى. بوۋاي ھېيتەمگە سوئال نەزەردە تىكىلگەن كۆزلىرىنى يۆتكىمەستىن پىيالىگە چاي قۇيدى. ئۇنىڭ قوللىرى قىلچە تىترىمەيتتى، نەزەرى ھېيتەمدە بولسىمۇ يەنە بىر يوشۇرۇن كۆزى باردەك، چەينەك دەل پىيالىگە ئۇدۇل توغرىلانغان بولۇپ، ئىنچىكە جوغىسىدىن ئېتىلىپ چىققان سارغۇچ رەڭلىك چاي پىيالىغا چۇشۇپ قاينام ھاسىل قىلاتتى.

ھېيتەم گېپىنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي،

www.uyghurkitap.com

بوۋاينىڭ ئۈچەك ئاقارغان ئۇزۇن قاشلىرى ئاستىدىكى ئوتلۇق كۆزلىرىگە ئەيمەنمەي قاراپ قويدى. 100 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ بوۋاي، مەھەللىدىكى يېشى ئەڭ چوڭ موي سپىتلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ سۇزۇك تېرىلىرىدىكى قورۇقلار كۈندىن - كۈنگە ئازلاپ، تېخىمۇ ياشىرىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. چوڭلار «ئادەم 100 ياشقا كىرگەندە، يېڭىدىن چىش چىقىدىكەن» دېيىشىدىغان، بەلكىم چىش چىققانىكەن، يەنە ياشلىقىغىمۇ قايتىپ قېلىشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. شۇنىڭغا قارىغاندا بوۋاي راستىلا ياشلىقىغا قايتىۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇغىنىسى، بۇنداق ئالامەت ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ - دە؟! ئۆمۈر دېگەننى خالىغانچە تىلەپ ئۇزارتىۋالىدىغان نەرسە ئەمەس.

— ھە بالام، گەپ قىلمامسەن؟

بوۋاينىڭ ئالدىراتقىشىدىن چۆچۈپ ئېسىنى يىغقان ھېيتەم، دۇدۇقلاپراق جاۋاب بەردى:

— شۇ... ئازراق ئىشقۇ... بار ئىدى...

بوۋاي خۇددى تاڭ سەلكىندەك يېقىملىق كۈلۈپ قويدى.

— ماڭا دېگۈڭ يوق ئوخشىمامدۇ؟

— ئۇنداق ئەمەس... بوۋا، — دېدى ھېيتەم تېخىمۇ جىددىيلىشىپ، — شۇ ئىشقا ئۆزلىرىدىن بىر مەسلىھەت ئالاي دەپ...

كۆرگەن - بىلگىنىنىڭ جىقلىقى، ئۇزاق يىللىق تۇرمۇش تەجرىبىسىدە ئىشلارنى ھېسسىياتقا ئەمەس، ئەقىلگە تايىنىپ بىر تەرەپ قىلىپ، ئەل ئىچىدە ئۆز دىتى ۋە ھۆرمىتىنى نامايان قىلغان سادىر بوۋاي، مۇشۇ كۈنلەردە مەھەللىدىكىلەرنىڭ چوڭ - كىچىك ئىشلاردىكى مەسلىھەتچىسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

— خوش... — دېدى بوۋاي پىيالىدىكى چايدىن بىر ئوتلاپ قويۇپ.

— بۇغۇ بىرسىگە دەپ يۈرىدىغان ئىشمۇ ئەمەس، شۇنداقتىمۇ ئۆزلىرىدەك يۇرت ئاتىسىنىڭ مەسلىھەتىنى ئالغۇم كەلدى.

— بىر ئىش قىلاي دەپسەن - دە، بالام؟

— ئاپتىلا، — دېدى ھېيتەم ھاياجانلىنىپ، — مەھەللىگە بىر ئىش قىلىپ بەرگۈم بار ئىدى.

— بارىكاللا، — دېدى بوۋاي ئىككى دولىسىنى ئىرغىتىپ تۇرۇپ، — قالتىس ياخشى ئويلاپسەن، بىراق ماڭا كۆرگەن يېڭىلىقلىرىڭ توغرىسىدا بىر نېمە دېمىدىڭغۇ، بالام؟

— يېڭىلىق... يېڭىلىق ھەقىقەتەن كۆپ. ئۇنىڭ قايسىبىرىنى دەپ تۈگىتىشىمنى بىلمەيمەن. مەھەللىگە كەلسەم، جاھان بىر ئىزىدا توختاپ قالغاندەكلا بىلىندى. يېڭىلىقنى ئۆزىمىز ياراتمىساق، خەقنىڭ ياراتقىنىمۇ ئۆزىگە، بىز پەقەت كۆرۈپ ئۆتكۈچى بولۇپ قالىمىز، خالاس.

بوۋاي رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— ئەركەكتەك گەپ قىلدىڭ، مېنى قانداق مەسلىھەت بەرسىكەن دەيسەن، بالام؟

— مەن مەھەللىگە نېمە ئىش قىلىپ بېرىش توغرىسىدا جىق ئويلاندىم. ھازىر كاللامغا كەلگىنى، كۆك شاخاپتىكى ئېقىنغا بىر كۆۋرۈك سالايمىكىن دەيمەن.

بوۋاي بېشىنى سىڭايان قىلىپ، بىردەمگىنە خىيالغا پاتتى. شىمال تەرەپتىكى قارلىق تاغدىن كېلىدىغان نۇرغۇن ئېقىن بولۇپ، شۇلارنىڭ بىر نەچچىسى مۇشۇ مەھەللىنى كېسىپ ئۆتەتتى. چوڭ ئىككى ئېقىنغا خېلى يىللار ئىلگىرىلا كۆۋرۈك سېلىنغان بولۇپ، باشقا بىر - ئىككى ئېقىن كىچىك بولغاچقا كۆۋرۈك سېلىنمىغان. باشقا چاغلاردا جىق بىلىنمىگەن بىلەن، 7 -، 8 - ئايلاردا ئېقىن سۇغا تولۇپ، مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئۇيان - بۇيان ئۆتۈشى تەس توختايتى.

— ئەگەر شۇنى قارار تاپقان بولساڭ، — دېدى بوۋاي كۆزلىرىدىن ئاپتاپتەك يېقىملىق نۇر تۆكۈپ، — تىلىم سەن ئۈچۈن ياخشى تىلەكتە.

— رەھمەت بوۋا، — دېدى ھېيتەم ھاياجان بىلەن.

— ئەگەر ئىقتىسادىڭ يېتىشمىگۈدەك بولسا تارتىنماي ئېيتقىن، مەھەللىدىكىلەر ھە - ھۇ دېيىشەرمىز. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئىشى ئەمەسمۇ.

— ئۆزۈمنىڭ پىلانى بويىچە خامچوت قىلىپ باقسام يېتىدىغاندەك، يەتمەي قالسا سىلى دېگەندەك بولا. ئەمسە مەن چىقاي، ئارامىلىرىنى بۇزۇپ قويدۇم، ئەپۇ قىلارلا بوۋا.

— نېمە دەيدىغانسەن، بالام. مېنى يوقلاپ تۇرساڭلار تېخى خۇش بولىمەن، يالغۇزلۇقنى گۆردىكى ئۆلۈككە يارىتقان، يەنە بىردەم ئولتۇرغىن، چاي ئەمدى تاۋلىنىپتىكەن، خۇمارنى باسقۇدەك قىلىپ بىرنەچچە پىيالىدىن ئىچىشىمىز.

— رەھمەت، ھېلىمۇ سىلىنى كۆپ ئاۋارە قىلدىم. خوش ئەمسە.

ھېيتەم بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ سىرتقا چىقتى. ئۇنىڭ كۆڭلى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. بىر ئادەم ئادەتتىكى ھاجەتخانا سالسىمۇ، بار مەسلىھەت بىلەن ياخشى پىلانغا ئېلىپ سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ دېگەن كۆۋرۈك، مۇنداقچە ئېيتقاندا، مۇشۇ مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئۇيان - بۇيان ئۆتۈشىنى ئاسانلاشتۇرۇش، يەنە بىر نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ مەھەللىگە قالدۇرغان تەۋەررۈكى. بىر زامانلار كېلىپ، ئەۋلادلىرى ئۇنىڭ بۇ كىچىككىنە تۆھپىسىدىن پەخىرلىنىپ قالسا مۇشۇنىڭ ئۆزى چوڭ نەتىجە ئەمەسمۇ. تارىختا پۇل تېپىپ كاتتا ياشاپ ئۆتكەنلەر تالاي، بىراق ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىنلا نامى ئىز - دېرەكسىز يوقالدى. ئەۋلادلىرى ئۇنىڭ دەپنە - دۇنيالىرىنى بۆلۈشەلمەي ئاۋارە. ھەتتا قان كېچىشىپ، ئاكا - ئۇكا قېرىنداشلار ياتلىشىپ كېتىدىغان ئىشلارمۇ خېلى نۇرغۇن. پۇلغۇ ياخشى نەرسە، شۇغىنىسى جايىغا خەجلەنمەي قالسا، پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ.

سادىر بوۋاينىڭ قىزغىن قوللىشى، ھېيتەمگە بۇ ئىشنىڭ ھەقىقەتەن ئورۇنلۇق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇردى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ زېمىندا ياشىغان ھەر بىر ئىنساننىڭ ئاتا - ئەجدادى يول ياساش، كۆۋرۈك سېلىشنى ئەڭ ئاقىلانە ئىش دەپ بىلىپ، ئۇنى تا بۈگۈنگىچە مىننەتسىز داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنىدى.

مەھەللىنىڭ شىمال تەرىپىدە كۆككە تاقاشقان بەھەيۋەت تۆمۈر چوققا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. تاغ ئۇستىدىكى ئاق قار بىر قاراشتا پەرىشتە سۈپەت مومايلارنىڭ بېشىدىكى ئاق رومىلىغا ئوخشايتتى، يەنە بىر قاراشتا تەبىئەتنىڭ ئاق يۈرىكىگە، شۇنداقلا پۈتكۈل ھاياتلىقنىڭ ئۈمىد نىشانىغا ئوخشايتتى. ھېيتەم بۇ كىشىلىك دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن تارتىپ، كۆرگىنى مۇشۇ قارلىق تاغ، مۇڭ تۆككىنىمۇ مۇشۇ قارلىق تاغ، ئۇنىڭغا مەغرۇرلۇقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنمۇ مۇشۇ قارلىق تاغ ئىدى. كىشىلەرگە پاكلىقنىڭ سىمۋولى بولغان ئاق رەڭنىڭ گۈزەللىكىنى ئەڭ چوڭقۇر ھېس قىلدۇرغىنىمۇ يەنە مۇشۇ قارلىق تاغ ئىدى. ئۇنىڭ باغرىدىكى تالاي - تالاي ئېقىن - جىرالار خۇددى ئادەملەرنىڭ ھايات قىسمەتلىرىدەك ھەر تەرەپكە چېچىلغان، يىل بويى ئۆكسىمەيدىغان سۇلىرى زېمىنغا قۇۋۋەت، ئىنسانلارغا مەدەت بولۇپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ يەردىكى ھاياتلىق مەنبەسىمۇ دەل ئاشۇ قارلىق تاغدىن باشلىناتتى. بۇ يۇرتتا ياشىغانلار ئىچىدە ئۇنى ئۆز كەئبىسىدەك كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت، ئىپتىخار بىلەن نەزەر

ughurkitap.com

تاشلىمايدىغان بىرمۇ ئادەم بولمىسا كېرەك.

ھېيتەم ئۆزى كۆۋرۈك سالماقچى بولغان ئېقىن بېشىغا كەلدى. مەھەللىدە تېرەكلەر قۇلاق بولغان، ساي تەرەپتە تېخى يېشىللىقتىن ئەسەر يوق ئىدى. ھاۋانى سۇس تۇمان قاپلىغان، ساينىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدە ئاسمان پەلەك قۇيۇن پىرقىراپ يۈرەتتى. دىماغلارغا شور تۇپراقنىڭ ئاچچىق ھىدى ئۇرۇلاتتى.

ئېقىندىكى ئازغىنە سۇ شىغىل تاشلارنىڭ ئارىسىدىن شىرىلداپ ئېقىپ ئۆتتۈۋاتاتتى. ھېيتەم ئالقىنى بىلەن شىغىلنى قايرىۋېتىپ، ئوچۇمىغا سۇ ئالدى. سۇ بەكلا سوغۇق ئىدى، لېكىن ئادەمگە ئۆزگىچە بىر ھۇزۇر بېغىشلايتتى. دۇنيادا سۇدىنمۇ قىممەتلىك، سۇدىنمۇ ئۇلۇغ نەرسە بولمىسا كېرەك. ئۇنىڭسىز ھېچقانداق ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇت بولمايدىغانلىقىنى ئادەملا ئەمەس، مۇشۇ تاش ئارىلىرىدا مىدىرلاپ يۈرگەن ئەڭ كىچىك ھاشارات جىنىدا بىلىشى مۇمكىن.

ھېيتەم كۆۋرۈك سېلىنغاندىن كېيىنكى مەنزىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئىختىيارسىز ھاياجان ئىچىدە كۈلۈپ قويدى.

— ھە ھېيتەمجان، ئېقىندىن ئۆتەلمەيۋاتقان ئوخشىمامسىز؟

ھېيتەم ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ، يېنىدا قاراپ تۇرغان رەجەپ تۆگىچىنى كۆردى. بۇ ئادەمنىڭ تاغدا ئوتلايدىغان ئەللىكتىن ئارتۇق تۆگىسى بار بولۇپ، ھەپتىدە بىر - ئىككى قېتىم چىقىپ ئۇلارنى يوقلاپ چۈشەتتى.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، — دېدى ھېيتەم ۋە ئوچۇمىدىكى سۇنى ئېقىنغا چېچىۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى.

— بىر نەرسىڭىز ئېقىپ كەتتىمۇ ياكى ئېقىندا قاشتېشى بارمىكەن؟

ھېيتەم بۇ ئادەمنىڭ، باشقىلارنىڭ ئىشلىرىنى يېپىدىن - يىڭنىسىغىچە سۈرۈشتە قىلمىسا تۇرالمايدىغان ئادىتىنى بىلگەچكە، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— ئېقىندا قاشتېشى بولسا ئەڭ ئاۋۋال ئۆزلىرى كۆرەلا، رەجەپكا؟

رەجەپ تۆگىچى گەپنىڭ ئۆزىگە يانغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئەمدى دەيمەن... قۇمئېرىق دەرياسىدىن قاشتاش چىقىپتۇ دېگەن گەپ بار، ئالمادىس...

— ۋاي قويسىلا رەجەپكا، قىلغىلى ئىش تاپالمىغانلارنىڭ گېپىغۇ ئۇ. ئۆزلىرى شۇنچە يىلدىن بېرى تاغ ئارىلاپ، ئېقىنمۇ ئېقىن كېچىپ يۈرۈۋاتىلا، سىلىگە ئۇچرىمىغان قاشتاش كىمگە ئۇچرايدۇ؟

— ئۇغۇ شۇ، لېكىن زېمىنغا بىر نېمە دەپ بولمايدۇ. مانا مۇشۇ تاغلارنىڭ ئۈستىدە بالىلىقىمدىن تارتىپ مېڭىپ كېلىۋاتىمەن، ھەممىسى شاراق - شۇرۇق تاش ئىدى، ئەمدى ئاڭلاۋاتىمىز، ئۇن نەچچە تۈرلۈك بايلىق چىقتى دەپ. بىز كۆرمىگەننى خەق كۆرىدىغان گەپكەن.

ئۆز غېمىدە قالغان ھېيتەمنىڭ قۇلىقىغا بۇ گەپلەر دېگەندەك ياقمىدى. بۇ مەھەللىدە ئىش خۇشياقمايدىغان بىر نەچچە ئادەم بولۇپ، دائىم تەييار بايلىقنىڭلا چۈشىنى كۆرەتتى، غايىب غەزنىلەر توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى ئاساسەن شۇلار توقۇپ چىققان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇ بايلىقنى كۆرگەن بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. بىراق ھېيتەمنىڭ بۇنداق ئىشلارغا زېھنىنى، ۋاقتىنى ئىسراپ قىلغۇسى كەلمەيتتى.

— تاغقا ماڭغان ئوخشىمامدىلا؟ — دېدى ھېيتەم گەپنى باشقا ياققا بۇراش مەقسىتىدە.

— ھەئە، — دېدى رەجەپ تۆگىچى، — ئۆزىڭىز نېمە ئىش قىلىپ يۈرۈيسىز بۇ يەردە؟

ھېيتەم سەل ئىككىلىنىپراق راست گېپىنى ئېيتتى:

— مۇشۇ ئېقىنغا بىر كۆۋرۈك سالاي دەپ...

— ھوي، راست گەپ قىلىۋاتامسىز؟

— سىلىگە چاقچاق قىلغىلى يا كىچىك بالا بولمىسام مەن.

— ئەمدى دەيمەن...، ھە، شاخ ـ شۇمبا بىلەنمۇ يا؟

— بۇ قايسى زامان رەجەپكا، بېتون بىلەن سالىمەدۇ مۇنداق.

رەجەپ تۆگىچى دەسلەپتە ھەيران بولۇپ ئېغىزىنى ئېچىپلا قالدى، كېيىن چىرايى بىر قىسما بولۇپ، ھېيتەمنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى.

— ھېلىقىلارنىڭ دېگىنى راست ئوخشىمامدۇ؟

— قايسى دېگىنى؟

ھېيتەم ئۇنىڭ گەپلىرىنى تازا چۈشىنەلمەي، گاڭگىراشلىق ئىچىدە كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى.

— مۇغەمبەرلىك قىلماڭە...

— تېپىشماق تاپتۇرۇپ ئاۋارە قىلماي، نەق گېپىڭىزنىلا ئېيتسىڭىزچۇ ئاكا.

— تاغدىكى بايلىق...

— ئۇنداق گەپلەر بىلەن مېنىڭ خۇشۇم يوق.

— بايلىق ئۇچرىمىغان بولسا، بىكاردىن بىكار كۆۋرۈك سالىمەن دەپ يۈرمەس بولغىيدىڭىز؟

— ماۋۇ گەپنى قاراڭ، ئەمدى بىر ياخشى ئىش قىلاي دېسەم...

— كۆزدىكى ھوسۇلنى دېمىسە، ئەتىيازدا ھېچكىم يەرگە بىكارغا ئۇرۇق چاچمايدۇ ئۇكام.

— مەن پەقەت باشقا يەردىكىلەردىن ئىلھام ئېلىپ، مەھەللىمىزگە بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشنىلا ئويلىدىم، باشقا غەيرىي مەقستىمۇ يوق.

— باشقا يەردىكىلەر كۆۋرۈك سالغىلى تۇرۇپتىمۇ؟

— ۋاي ياق، لېكىن ئەل ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە ياخشى ئىش قىلىپ بەرگىلى تۇرۇپتۇ شۇ.

رەجەپ تۆگىچى ئۆشنىسىدىكى سەپەر بوخچىسىنى يەرگە قويدى، خۇددى ئالدىدىكى مۇنۇ ئېقىننى ئەمدى كۆرۈۋاتقاندەك ئۇزاق سىنچىلاپ قاراپ كەتتى.

— مەيلى تەييار بايلىق ئۇچراپ قالسۇن، مەيلى ئىشلەپ پۇل تېپىڭ، ھەممىسى ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى. ئۇنى ھېچكىم سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەيدۇ. ئەمدى دەيمەن... كۆۋرۈكسىزمۇ بۇ ئېقىندىن خاتىرجەم ئۆتۈپ يۈرۈۋاتىمىزغۇ؟! بۇنىڭغا بىكار پۇل ئىسراپ قىلغۇچە... — رەجەپ تۆگىچى چوڭ بىر پىلاننى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلماقچى بولغاندەك، سەل كېرىلىپ تۇرۇپ مۇرىسىنى ئىرغىتىپ قويدى، — تېخىمۇ ئوروۇنلۇق يەرگە خەجلىسىڭىز ياخشى ئەمەسمۇ؟

— مەسلەن... — دېدى ھېيتەم، ئۇنىڭ چىرايىغا ئاز ـ تولا مەيۈسلۈك ئالامەتلىرى تېپىپ چىققان ئىدى.

— مەسلەن، ئاتىڭىز تۆگەپ كەتكىلى بىر نەچچە يىل بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ كاتتا نەزىر ئۆتكۈزۈپ بېرىڭ، مەھەللە ئىچىدە بۇرۇن بىر نەچچە چوڭ كۆل بولىدىغان، ھازىر تىندۇرۇپ تېرىلغۇ يەر قىلىۋەتتى، ھە، ئەنە شۇنداق چوڭ كۆلدىن بىر نەچچىنى چاپتۇرسىڭىزمۇ بولىدۇ.

— ھەممە ئۆيدە پاكىز تۇرۇبا سۈيى تۇرسا، رەجەپكا، كۆل چاپتۇرۇپ نېمە قىلىمىز؟

— ئۇغۇ شۇ، لېكىن چاپتۇراي دېسىڭىز يەر تېپىلىدىغۇ. مەسلەن، ئاۋۇ سايغا. سايغا بىكار كۆل چاپتۇرغاننىڭ نېمە پايدىسى دەپ قالماڭ، ھەر خىل ئۇچار قۇش، ياۋا جانلار شۇ سۇنى ئىچسە، سىزگە چەكسىز ساۋاب، ياخشىلىقلار

www.uyghurkitap.com

بولمامدۇ ؟! ئاتام رەھمەتلىك ياز كۈنلىرى سايغا بارسا، يېگەن قوغۇننىڭ شاپىقىنى مۇنداقلا تاشلىۋەتمەي، قاپاقتىكى سۇنى شاپاققا تولدۇرۇپ قۇيۇپ قايتىدىغان. بۇنى قىلغاننىڭ نېمە پايدىسى ئاتا دېسەم، «ھەي بالام، ساي دېگەن بىر تېمىم سۇ بىر جانغا تەڭ يەر، مۇشۇ سۇ بىلەن نەچچىلىگەن ياۋا جانلار ھاياتلىققا ئېرىشىپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دەيدىغان. كېيىن مەنمۇ چۈشەندىم، راستلا شۇنداق ئىكەن. ھازىر ئويلايمەن، ماڭمۇ خۇددى سىزگە ئوخشاش بىكارلىق پۇلدىن ئازراق ئۇچراپ قالسا، سايغا نۇرغۇن كۆللەرنى چاپتۇرغان بولاتتىم. قارىماسسىز، ئاشۇ بىچارە تۆگىلەر غىلىڭ سايدا ھەپتە - ھەپتە سۇ ئىچمەي ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇنداق ئۇسسۇزلۇققا سىز، بىز چىدىيالايمىزمۇ؟ ياق... ياق... ئەسلا چىدىمايمىز، — رەجەپ تۆگىچى مەدداھلاردەك بىر ھازا توختىماي سۆزلىۋەتكەندىن كېيىن، ھېيتەمگە يۈزلەندى، — شۇنداق قىلىپ، بۇ ئېقىنغا كۆۋرۈك سالىمەن دەڭ؟

— سىلىچە... كۆۋرۈك سېلىشىم توغرا ئەمەس ئىكەن - دە؟

— توغرا ئەمەس دېگىنىم يوق، ئابا - ئەجدادىمىزمۇ يول ياساپ كۆۋرۈك سېلىشنى چوڭ ساۋابلىق ئىش دەپ قاراپ كەلگەن. لېكىن ئەمدى دەيمەن... مۇشۇ ئېقىندا سۇغا كېچىپ مېڭىپ ئۆگىنىپ قالغان ئادەملەر، سىز كۆۋرۈك سالغاندىن كېيىنمۇ كۆۋرۈكتە ماڭماي، سۇغا كېچىپ مېڭىۋەرسە... قاراپ تۇرۇپ ئىسراپچىلىق - دە.

— شۇنداقمۇ بولارمۇ، رەجەپكا؟

— بىر نېمە دەپ بولمايدۇ، قاراڭ ئەنە، ھۆكۈمەت بىر بەلەن خىش ئۆي سېلىشقا ياردەم بېرىۋاتسا، بەزىلەر ئاتا - بوۋامدىن قالغان دەپ، قايسى زاماندىكى ئەبجەق چالما ئۆيلەرنى چېقىشقا ئۇنىمايۋاتامدۇ؟ بەزىلەر تېخى ھويلىسىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا خىش ئۆينى سېلىپ قويۇپ، ئۆزلىرى يەنە بىر بۇلۇڭدىكى كونا چالما ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرىدۇ.

— ھەممە نەرسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق مېھىر - مۇھەببىتى بولىدۇ ئەمەسمۇ.

— قويۇڭە شۇنداق مېھىر - مۇھەببەتنى.

— ئۆزلىرىمۇ زاماندىن قالغان بىر توپ تۆگىلەرنى بېقىپ يۈرمەمدىلا، ھازىر يا تۆگە كارۋىنى قاتنايدىغان زامان بولمىسا.

رەجەپ تۆگىچى دەسلەپتە گېپىنى تاپالماي سەل دۇدۇقلىدى، كېيىن كۈمۈتا قوغلىغاندەك قوللىرىنى باش ئۈستىدە پۇلاڭلاتتى.

— تۆگە باقىنىم ھەرگىزمۇ كونىلىققا ئېسىلىۋالغىنىم ئەمەس، ئۇلار مېھرى ئىسسىق جانىۋار، ئىنسانلارغا قوشقان تۆھپىسى بەك زور، سايدا تۆگە بولمىسا بولمايدۇ.

— مەنمۇ باقماڭ دېمىدىمغۇ.

رەجەپ تۆگىچى ھېيتەمنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ كېتىپ بېشىنى چايقىدى.

— مېنىڭ دېگەنلىرىمگە قىلچە قىزىقمىدىڭىز؟

— ئويلىشىپ باقارمەن.

— ئەمدى دەيمەن... بوپتۇلا، كۆۋرۈك سالغۇڭىز بولسا سېلىۋېرىڭ، بەربىر بىكارلىق پۇل بولغاندىكىن.

ھېيتەم بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ، لەۋلىرىنى ئۆمەللەپراق تۇرۇپ قالدى. رەجەپ تۆگىچى بوخچىسىنى قايتىدىن ئۆشنىسىگە ئارتىپ، سايغا قاراپ يول ئالدى. قىلماقچى بولغان ياخشى ئىشىنىڭ ھېلىتىنلا سۇغا چىلاشقىلى تاس قالغانلىقىدىن كۆڭلى يېرىم بولغان ھېيتەم، شىرىلداپ ئېقىۋاتقان سۇغا نەزەر تاشلىغىنىچە، خېلى ئۇزاق خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

ئېقىن سۈيى گەرچە ئاز بولسىمۇ، چوڭ - كىچىك تاشلارنىڭ ئارىلىرىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ، ئالغا قاراپ توختاۋسىز ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى.

ئەتىسىدىن باشلاپ ھېيتەم كۆۋرۈك سېلىشقا لازىملىق ماتېرىيال ۋە قۇرۇلۇشچى ئۇستام تېپىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ھېيتەمنىڭ «كۆك ئېقىن»غا بېتون كۆۋرۈك سالماقچى بولغانلىقىنى مەھەللىدە ھەممە ئادەم دېگۈدەك ئاڭلاپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ ئالدىراشلىقىغا ئەگىشىپ، گەپ - سۆزلەرمۇ كۆپىيىشكە باشلىغانىدى. ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتۈپ، ھېيتەمنىڭ چوڭ ئوغلى قاپاقلىرى ساڭگىلىغان، خاپا چىراي ھالدا دادىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— كۆۋرۈك سالدىغان ئىش سۇغا چىلىشىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ تومتاقلا.

— قانداقچە سۇغا چىلاشقۇدەك؟ — دېدى ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق ھېيتەم ھەيران بولۇپ ۋە نېرىدا كۆۋرۈك ھۇلى ئۈچۈن يەر قېزىۋاتقان ماشىنىغا بىئاراملىق ئىچىدە قاراپ قويدى.

— مەھەللىدىكىلەر... مەھەللىدىكىلەر سىزنى «كۆك ئېقىن»غا كۆۋرۈك سېلىپ، پۇل تاپقۇدەك دېيىشىۋاتىدۇ.

— قانداق گەپ بۇ؟ كۆۋرۈك سېلىپمۇ پۇل تاپقىلى بولامدىكەن؟

— مەن نەدىن بىلەي، ئۇلار سىزنى كۆۋرۈكتىن ئۆتكەن ئادەمدىن پۇل ئالىدىكەن دەيدۇ شۇ.

— توۋا مەن قاچان كۆۋرۈكتىن ئۆتكەن ئادەمدىن پۇل ئالىمەن دېگەن گەپنى قىلدىم؟ بۇ بىر خالىس ئىش تۇرسا.

— ئىشقىلىپ ھەممىسى شۇنداق گەپ، ئۇلار «ھېيتەم جىم تۇرغان ئېقىنغا كۆۋرۈك سېلىپ، بىزدىن پۇل ئالسا قانداق بولىدۇ؟ يا بىز كۆۋرۈك سېلىپ بەر دەپ تەلەپ قىلمىساق» دېيىشىپ، يېزىغا ئەرز قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ.

— يا...

— سىزمۇ بىر قىلغىلى ئىش تاپالمىغاندەك، كۆۋرۈك سالىمەن دەپ... پۇلىمىز بەك جىق بولسا، ئاۋۇ زەيدىن بوراننىڭ ئوغلىغا ئوخشاش ماڭىمۇ ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقخانىدىن بىرنى ئېچىپ بەرسىڭىز بولمامدۇ.

پىتنە - پاساتلارنى ئاڭلاپ ئاچچىقىدىن ئۆزىنى بېسىۋالالماي تۇرغان ھېيتەمگە، ئوغلىنىڭ سۆزلىرى تېخىمۇ ھار كەلدى، ئۇ قورساق كۆپكىنى بىراقلا ئوغلىدىن چىقاردى.

— سەن بولساڭمۇ بىر ئىشنىڭ ياخشىسىنى ئويلىساڭ بولمامدۇ؟ نېمە ئۇ ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقخانا دېگەن، ھەممىسى شەكلى ئۆزگەرگەن قىمار، ئادەم ئالدايدىغان قىزىل كۆزلەرنىڭ ئويۇنى.

— سىز ئۇنداق دېگەن بىلەن، ھازىر باللار بىكار بولسىلا شۇ يەرگە كىرىدۇ، گاھىدا ئوينايدىغانغا ماشىنا يېتىشمەي قالىدۇ تېخى.

— سەنمۇ كىرەمسەن؟

— يەقەت... گاھىدا...

دادىسىنىڭ ئەلپازىدىن قورققان پەرھات، بىردىنلا دۇدۇقلاپ تىلىنى چايناشقا باشلىدى.

ھېيتەم قولىدىكى گۈرجەكنى تاشلاپ، يېنىدىكى دۆۋىلەكلىك شېغىلنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى. ئۇنىڭ پىكرى قالايمىقانلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ياخشى ئىشنىڭ نەتىجىسى ياخشى بولماي، ئەكسىچە باشقىلارنىڭ پىتنە - پاساتلىرىغا ئۇچراش ئادەمنى راستلا بەك جىلە قىلىۋېتەتتى. يەنە كېلىپ ماۋۇ ئوغلىنىڭ ئابا - ئەجدادلار يامان كۆرۈپ، چەكلەپ كەلگەن بىر ئىشنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى قىزىق. ئادەملەرنىڭ كۆزىگە يامان ئىش چېرايلىق كۆرۈنىدىغان بولۇپ كېتىۋاتامدۇ نېمە؟!

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

— بولدى، سەن ئۆيگە قايتىپ تۇر، — دېدى ھېيتەم تېخىچە بېشىدا ئۆزىگە دۆدەك قاراپ تۇرغان ئوغلىغا چوڭقۇر ئۇھسىنىپ قويۇپ.

پەرھات خۇددى خەۋەر يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى تولۇق تاماملاپ بولغاندەك، بىپەرۋا بىر قىياپەتتە ئارقىسىغا بۇرۇلدى.

— توختاپ تۇرغىنە، — ھېيتەم ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى، — ئىسمىڭنى نېمىشقا پەرھات قويغىنىمنى بىلەمسەن، بالام؟

پەرھات دادىسىنىڭ كۆزلىرىگە تېڭىرقاش ئىچىدە تىكىلدى.

— بىل... بىلمەيمەن.

— پەرھات دېگەن تولىمۇ ئېسىل بىر يىگىتنىڭ ئىسمى، ئۇ ئەل ئۈچۈن ئۈيۈل تاغلارنى تېشىپ سۇ باشلاپ، يۇرتنى گۈللەندۈرگەن. مەن سېنى ئاشۇ پەرھاتتەك قەيسەر، ۋىجدانلىق، باتۇر يىگىت بولسۇن دەپ بۇ ئىسمنى قويغان. ھېچ بولمىسا، بۇ دۇنيادا نېمە ئۈچۈن ياشايدىغىنىڭنى بىلىۋالساڭ ياخشى بولاتتى.

پەرھات دادىسىنىڭ گەپلىرىدىن بىر نەرسىنى چۈشەندىمۇ-چۈشەنمىدىمۇ بىلگىلى بولمايتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە تولىمۇ سۇس بىر نۇر قېتىپ قالغان، كاللىسى قۇرۇق ئىدى. خىيالى تەڭتۇش ئاغىنىلىرىنىڭ ئارقىسىدىن چېپىپ كەتكەنىدى. ھېيتەم ئوغلىنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ ئۈمىدسىزلەندى بولغاي، چوڭقۇر ئۇھسىنىنچە ئۇنى كېتىشكە ئىشارەت قىلدى.

ھېيتەم دەسلەپتە سەل دېلىغۇل بولدى، لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئىشنى بىر نەچچە ئادەمنىڭ پىتنە-پاساتلىرىنى ئاڭلاپلا توختىتىپ قويغۇسى يوق ئىدى. بوۋىلىرىمىز «كىشى نېمىلەرنى دېمەيدۇ، ئىت نېمىنى يېمەيدۇ» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. ۋاقىت تولىمۇ ئادىل باھالىغۇچى، كېيىن ھەممە ئىش ئايدىڭلىشىدۇ. ئەلنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن قىلىنغان ياخشى ئىشنىڭ قىممىتى ھەرگىز يوقالمايدۇ.

ئۇ كۆڭلىنى توق تۇتۇپ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. ئاردا بىر قىسىم قىزىققۇچىلار ئالايىتەن «كۆك ئېقىن» بويىغا كېلىپ، ھېيتەمنىڭ كۆۋرۈك سېلىشلىرىنى تاماشا قىلىپ كەتتى. كۆۋرۈك پۈتۈش ئالدىدا تۇراتتى. جاھان ۋەقەلىرىگە ئاجايىپ قىزىقىدىغان، تېلەم رىشىت بېقىنىدىلا بولۇۋاتقان ئىشلاردىن خەۋەرسىز قالغاندەك، ھەممىدىن كېيىن ئېقىن بويىغا كەلدى. ئۇ قولتۇقىغا بىر يۆگەم گېزىت قىستۇرۇۋالغانىدى.

— ۋاھ ھېيتەمجان، ئالامەت چوڭ ئىشقا تۇتۇش قىلىپسىز جۇمۇ، — دېدى ئۇ كۆۋرۈكنىڭ چىرايلىق ئەگمىسىگە قىزىقسىنىپ قاراپ.

— چوڭ دېگىلىمۇ بولماس، — دېدى ھېيتەم كەمتەرلىك بىلەن.

— لېكىنزە...

ئەمدى بىر خاتىرجەم ئىشنى قىلىۋاتقان ھېيتەم، ئۇنىڭ يېرىم-يارتا گەپلىرىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى يەنە بىر قىسىملا بولۇپ قالدى.

— بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟ — دېدى ئۇ شۈبھىلىنىپ.

— بىر ئىشقۇ بولمىدى، بىراق...

— يېڭى گەپ ئاڭلىغان ئوخشىمامسىز؟

تېلەم ئالدىرىماي قەدەم تاشلاپ، قۇرۇلۇشچىلار تىكلىگەن چېدىر ئۆيىنىڭ يان تەرىپىگە ئۆتتى. ھېيتەم بىرەر مۇھىم گېپى بار ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ئۇنىڭ سايە ئىزدەپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىچىدە كۈلگۈسى كەلدى. توۋا، بەزى ئادەملەر ئۆزىنى ئاسراشقا بەك ئۇستا جۇمۇ، تېخى ماي ئايلىرىنىڭ ئاپتىپىنى كۆرمەيلا، ئاپتاپتىن قاچقىلى تۇرسا... ئۇنىڭ قەيىرى دېھقانغا ئوخشىسۇن؟!

ھېيتەم ئەمدىلا ئارقىسىغا يانماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، تىلەم خۇددى چۆچۈپ قورققاندەك كېلەڭسىز بىر ھەرىكەت بىلەن ئۇنى يېنىغا كېلىشكە شەرەتلىدى.

— قىزغىنلىقىڭىزغا سوغۇق سۇ سەپمەكچى ئەمەسمەن، — دېدى ئۇ قولتۇقىدىكى گېزىتنى ئېلىپ بىر - ئىككى پۇلاڭشىتىپ قويغاندىن كېيىن، — لېكىنزە... ياخشى ئىشنىڭ ئارقىسىدا يەنە بىر مۇنچە باش ئاغرىقىنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئويلىدىڭىزمىكىن؟

— قانداق باش ئاغرىقى؟ — دېدى ھېيتەم ھەيران بولۇپ.

— ئاۋادا كۆۋرۈكتىن بىرەرسى يىقىلىپ كەتسە...

ئۇنىڭ گەپلىرى ھېيتەمگە تولىمۇ بىمەنە تۇيۇلدى. بىراۋنىڭ يىقىلىپ كېتىشىنىڭ كۆۋرۈك بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟ بەزىلەر يولدا، بەزىلەر ئۆيدە، يەنە بەزىلەر مۇنۇ كۆۋرۈك ئۈستىدە يىقىلسۇنمۇ دەيلى، بۇ بەربىر شۇ كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى. بۇنىڭغا ئالدىن بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ.

تىلەم گېپىنىڭ ۋەزنىنى دەڭسەۋاتقاندەك، ھېيتەمنىڭ كۆزىگە مەنىلىك قاراپ قويدى.

— سىز... سىز زادى نېمە دېمەكچى؟

— بۇ مۇنداق گەپ، — دېدى تىلەم ئۆزىگە ئازراق جىددىي تۈس بېرىپ، — مۇشۇ كۆۋرۈكتە بىرەر ئادەم ياكى ئات - ئۇلاغ مۇدۈرۈپ تارتىپ كەتسە، بۇنىڭ مەسئۇلىيىتى سىزنىڭ ئۈستىڭىزگە يۈكلىنىدۇ، ئۇنىڭغا تۆلەم تۆلەيسىز.

ئۆزىنى خېلى جاھان كۆردۈم، ئىشنىڭ يولىنى ئوبدان بىلىمەن، دەپ يۈرگەن ھېيتەم، بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندا بېشى قېيىپلا كەتتى. تۇرۇپلا تىلەم ئۇنى كولدۇرلىتىۋاتقاندەك ياكى ئىشلىرىنى قەستەن ئاقساتماقچى بولغاندەكمۇ تۇيۇلدى.

— نەدىن تېپىپ كەلدىڭىز بۇ گەپلەرنى؟ — دېدى ئۇ ئاچچىقىنى ئاران - ئاران بېسىپ.

— تېپىپ كەلمىدىم، ھەممىسى گېزىتتە سۆزلىنىدىغان ئىشلار، — ئۇ شۇنداق دەپ گېزىتنى ئاچتى، — مانا، مەلۇم سودا سارىيىنىڭ پەلەمپىيىدە بىر ئادەم يىقىلىپ، پۇتى زەخىملەنگەنىكەن، ساراي ئىگىلىرى ئۇنىڭ داۋالىنىش راسخوتى ئۈچۈن 40 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلىگەن گەپ. يەنە ماۋۇ خەۋەردە...

ھېيتەمنىڭ قۇلىقىغا كېيىنكى گەپلەر پەقەتلا كىرمىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئېقىندىن خاتىرجەم ئۆتۈشى ئۈچۈن ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ كۆۋرۈك سېلىشتىن ئىبارەت بۇ ئاددىي ئىشنىڭ، ئاخىرىغا بېرىپ بۇنچىلىك مۇرەككەپلىشىپ كېتىشىنى ئەسلا ئويلىمىغانىدى.

— سىز مېنى نېمە قىلسۇن دەيسىز؟ — دېدى ئۇ تىلەمنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

— بىر نېمە قىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى تىلەم گېزىتتىن كۆزىنى ئۈزمەي، — پەقەت ئىدىيە جەھەتتە تەييارلىقىڭىز بولسىلا بولدى.

— نېمىگە تەييارلىقىم بولىدۇ؟ تەپسىلىيرەك دېمەمسىز گېپىڭىزنى، مەن گاڭگىراپلا قالدىمغۇ؟

— شۇ، ھېلىقىدەك ئىشلار يۈز بېرىپ قالسا... ھازىر ھەتتا سىزنىڭ بوسۇغىڭىزغا بىرسى پۇتلىشىپ يىقىلسىمۇ تۆلەم تۆلەيسىز. ئاممىۋى يولغا كۆۋرۈك سېلىش ئۇنىڭدىنمۇ مەسئۇلىيىتى ئېغىر ئىش دەڭە.

— يولدىكى قايسىبىر كۆۋرۈكتە بىرەرسىگە تۆلەم تۆلىگىنىنى كۆردىڭىز؟

— كۆرمىدىم، لېكىن سىز بۇ كۆۋرۈكنى سېلىشتا بىرەر مەقسەتنى ئويلىغانسىز؟

— مەقسەت قىلمايدىغان ئىش بولامدۇ، ئەلۋەتتە كىشىلەرنىڭ ئۆتۈشىنى مەقسەت قىلىمەن - دە.

— خەق، قايسى كۆۋرۈك دېسە، ھېيتەم

سالغان كۆۋرۈك دەيدىغاندۇ؟

— بۇ مۇھىم ئەمەس، مەن نام چىقىرىشنى مەقسەت قىلمىدىم.

— نېمىلا بولسۇن كۆۋرۈك سىزنىڭ نامىڭىزدا ياسالغانىكەن، ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىمۇ سىزنىڭ ئۈستىڭىزدە دېگەن گەپ.

— بولدى! — دېدى سەبرى قاچىسى توشقان ھېيتەم بىردىنلا ۋارقىراپ، — ئۆيۈڭگە بېرىپ، ئايالىڭنىڭ ئوچىقىغا ئوت قالاپ بەرسەڭ بولمامدۇ؟ قىلىدىغان باشقا ئىشىڭ يوقمۇ؟ نېمە دەپ بۇ يەردە مېنىڭ بېشىمنى ئاغرىتىسەن؟

تېلەم بۇ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشتىن سەلگىنە مەڭدەپ قالدى، ئاندىن گېزىتنى قاتلاپ قولتۇقىغا قىسىپ، ئورنىدىن تۇردى.

— نېمە ۋارقىرايسىز، شۇ سىزگە ياخشى بولسۇن دەپ بىلگەنلىرىمنى چۈشەندۈرۈپ قويدۇم. بىكار ئادەم تىللاپ...

— ماڭا چۈشەندۈرىمەن دەپ ئاۋارە بولما، پەقەت كۆزۈمدىن نېرىراق تۇرساڭ شۇنىڭدىن تولىمۇ خۇشالمەن، قېنى، مەھەللە ئاۋۇ تەرەپتە.

تېلەم نېمىلەرنىدۇر دەپ غۇدۇرىغىنىچە يولغا راۋان بولدى.

لېكىن ھېيتەمنىڭ كۆز ئالدىدا ھەممە نەرسە غۇۋالاشماقتا ئىدى، ئەسلىدىكى ئۇلۇغۋار غايىلىرى خۇددى كىچىك باللار چالما ئېتىپ يوپۇرمىقى قالمىغان نىمجان دەرەختەك، ئاشۇ تومان ئىچىدە دۈگدۈيۈپ تۇراتتى. پۈتەي دەپ قالغان كۆۋرۈكمۇ بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ، ھازىرلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئۇ سادىر بوۋاينى ئەسلىدى، ئۇنىڭ ئارامبەخش سۆزلىرى ئىچىدىكى ئۆزىگە ئىلھام، مەدەت بەرگەن خىتابلارنى يادلىدى. ئارقىدىن ئوغلى پەرھاتنى ئەسلىدى، ئۇ بىر توپ ئاداشلىرى بىلەن ئېلېكترون ئويۇنچۇقخانىغا قىستىلىشىپ كىرىپ كېتىۋاتاتتى. كېيىن ئىشنىڭ ئالدىدا چىق ئۇتتۇرۇۋەتكەنلەر چىدىماي جېدەل چىقىرىشقا باشلىدى، ياشلار چۈجە-خورازدەك چىرمىشىپ، بىردەمدىلا بىر-بىرىنىڭ باش كۆزىنى قانغا بوياشتى. بىراق ھېچكىم زەيدىن بوراندىن ئاغرىنمىدى ياكى ئۇنى تەنقىدلىمىدى، باللار يەنىلا شۇ ئويۇنچۇقخانىغا كىرىپ كېتىۋاتاتتى.

ھېيتەم چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويدى.

— غوجايىن، كۆۋرۈكنىڭ بالچۇقلىرىغا قېلىپ قۇيۇپ بولغاندۇق، لېكىن پولات چۈشۈق يەتمەي قالدى. ھازىرنىڭ ئۆزىدە پولات چۈشۈق تېپىپ بەرمىسىڭىز بولمايدۇ.

ھېيتەم ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئىش بېشىنى كۆردى. قۇرۇلۇشچىلار ھېچ ئىشتىن خەۋەرسىز ئىدى، ئۇلار كۆۋرۈكنى ئۆلچەملىك پۈتتۈرۈپ، تۈگىتالمىغان ئىش ھەققىنى ئېلىشنىلا ئويلايتتى.

— بولدۇ، — دېدى ئۇ قەددىنى رۇسلاپ، — ھازىرلا ئەكەلدۈرەي.

ھېيتەم ئۇنىڭدىن بەزى مەسىلىلەرنى سوراپ بېقىشنى خىيالىغا كەلتۈردى-يۇ، تۇرۇپلا يەنە يالتىيىپ قالدى. بولۇنغان ئىشلار خۇددى تۇيۇقسىز پەيدا بولغان قۇيۇن ئەتراپنى مالىمان قىلىۋېتىپ يەنە جىمىپ قالغانغا ئوخشايتتى. ئۇ كۆڭلىنىڭ ئاستا-ئاستا تىنجىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، شۇنداقلا بايىقى بىھۇدە ئاچچىقلىنىش ئۈچۈن پۇشايمان قىلىشقا باشلىدى.

«تىلىم سەن ئۈچۈن ياخشى تىلەكتە!»

بۇ سادىر بوۋاينىڭ خىتابى ئىدى، ئۇنىڭ كۆڭلى پاللىدە يورۇپ كەتتى. بېشىنى كۆتۈرۈپ، چېپىش ئالدىدا تۇرغان شاش ئارغىماقنىڭ بېلىدەك تولىمۇ قاملاشقان كۆۋرۈك ئەگمىسىگە ئېتىخارلىق ئىچىدە قاراپ قويدى.

2015-يىلى 7-ئاي



# مىللىي ئۇسلۇبتا ناخشا ئېيتىش ۋە ئۇنى ياۋروپا ئۇسلۇبى بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ھەققىدە

ئايەتگۈل نىياز

ناخشا-مۇزىكا ئىنسانلار روھىغا ئېستېتىك زوق ئاتا قىلىدىغان مەنىۋى ئوزۇق. نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان كەڭ خەلق ئاممىسى بېشىدىن كەچۈرگەن ئازاب-ئوقۇبەتلىرى، مېھىر-مۇھەببىتى ۋە كەلگۈسىگە بولغان ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنى بەدىئىي ماھارەتلىرى ئارقىلىق تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ سەنئەت مائارىپى ئارقىلىق نامايان قىلىپ كەلمەكتە.

ناخشا-مۇزىكا قەدىمدىن ھازىرغىچە ئىنسانلارغا گۈزەللىك تۇيغۇسى بېرىش، مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش، كىشىلەرنى تەربىيەلەش، پىسخىكىسىنى ساغلاملاشتۇرۇش جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن.

يىللارنى يىللارغا ئۇلاپ داۋاملىشىپ كەلگەن بۈگۈنكى تارىخىمىز ناخشىدىن ئايرىلغان ئەمەس. بولۇپمۇ تەبىئىي تۈپرىقى، كەچمىشى ئۆزگىچە بولغان



ئۇيغۇر خەلقى ناخشا-مۇزىكا بىلەن يۇغۇرۇلغان رېئال تۇرمۇشىنى مەنىگە ئىگە قىلغان. كۈچلۈك پەلسەپىۋىلىككە، روشەن خاسلىققا ئىگە ناخشا-كۈيلىرىمىز روھىمىزغا شادلىق ئاتا قىلىپ كەلگەن. ئەجدادلىرىمىز بۇ جەھەتتە بىزگە پۈتمەس-تۈگىمەس ناخشا-مۇزىكا بايلىقلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بەزىلەرنىڭ مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى يوقىلىپ كەتكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا نۇرغۇنلىرى تا بۈگۈنگە قەدەر ساقلىنىپ راۋاجلىنىپ كەلمەكتە. دۇنياغا مەشھۇر «ئون ئىككى مۇقام»ىمىز، نەچچە مىڭلىغان خەلق ناخشىلىرىمىز بۇنىڭغا تىپىك مىسال بولالايدۇ.

بىزنىڭ ناخشا-مۇزىكىلىرىمىز گۈزەل مېلودىيە ۋە خىلمۇخىل رىتىم ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، خېلى بۇرۇنلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناخشا-مۇزىكىلارغا باي خەلق ئىكەنلىكىنى دۇنياغا نامايان قىلغان. ھازىر پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا پەن-تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ يېڭى-يېڭى مۆجىزىلەر بارلىققا كەلمەكتە. دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ

دۇنيا قارىشى ۋە پسىخىك خاراكتېرىدە مەلۇم ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. مۇقەررەر ھالدا ئۇلارنىڭ گۈزەللىككە ئىنتىلىشى ۋە ھوزۇرلىنىش ئېستېتىك تەلىپىمۇ ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ پەيدىنپەي يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. مىللىي ناخشىلىرىمىزنىڭ ئۆزگىچە ئورۇنلاش ئۇسلۇبى ئىستىخىيلىك ھالدا ئەسىرلەردىن ھالقىپ ئۆتۈپ بۈگۈنكى كۈندە خەلقىمىزنىڭ ئېستېتىك تەلىپىنى قاندۇرۇپ كېتەلمەيۋاتقانلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. بىز دەۋر تەرەققىياتىغا يېتىشىش ئۈچۈن مىللىي ناخشىلىرىمىزنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۇنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن يەنىمۇ ئىلگىرىلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن مىللىي ناخشىلارنى ئېيتىش تەجرىبىلىرىمىز بىلەنلا پەخىرلەنسەك، يۇقىرىقى مەنزىلگە يېتەلمەي قالىمىز. چۈنكى مىللىي ئۇسلۇبتا ناخشا ئېيتقىنىمىزدا نەپەسنى توغرا ئىشلەتمەي ئاۋاز ئورنى تۆۋەنلەپ كېتىپ، گالغىلا كۈچەش ئەھۋالى كېلىپ چىقىدۇ. يۇقىرى ئاۋازلارغا دۇچ كەلگەندە تومۇرلار كۆپۈشۈپ ئاۋاز پەردىسىنىڭ بېسىمى ئېشىپ كېتىدۇ. ئۇ ئارقىلىق گال ئىنتايىن ئاسان چارچايدۇ. شۇڭلاشقا بىز ئۆزىمىزنىڭ سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىمىزدا ئۇنى چوقۇم يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈشىمىز ئىسلاھ قىلىشقا تېگىشلىك جايلىرىنى ئىسلاھ قىلىشىمىز، دۇنيادىكى ئاۋاز ئىلمى ئېقىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئۆزىمىزگە كېرەكلىك بولغان تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئۇسلۇبىغا ماسلاشتۇرۇپ ئاۋاز ئىلمىنى راۋاجلاندۇرۇشتا تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۆگىنىش ھەرگىزمۇ قارىغۇلارچە دورىغانلىق ئەمەس. بۇ يەردىكى مەسىلە ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ۋە يېڭى ئۇسلۇبىنى قانداق قىلىپ ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاشتا. بۇنىڭ ئۈچۈن مىللىي ئۇسلۇب بىلەن ياۋروپاچە ناخشا ئېيتىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ ناخشىلىرىمىزنىڭ كىشىلەرگە بېرىدىغان ئېستېتىك زوقىنى ئاشۇرۇشىمىز لازىم. شۇنداق بولغاندىلا «ياۋروپاچە ئۇسلۇبلار»دىكى ئارتۇقچىلىقلارنى ئۆگىنىشنى سىستېمىلاشتۇرۇشىمىز لازىم.

مەيلى مىللىي ئۇسلۇبتىكى ناخشىچى، مەيلى ئامىباب ئۇسلۇبتىكى ناخشىچى بولسۇن، كەسىپ جەھەتتە يۈكسىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ناخشىچى كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سالالايدىغان، ئۆز ئاۋازىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىيەلەيدىغان ناخشىلارغا موھتاج. شۇڭا ئاۋاز چىقىرىش قانۇنىيىتىنى ياخشى ئىگىلەپ، ناخشىنىڭ ھېسسىياتىنى، بەدىئىيلىكىنى ئىپادىلەشكە تولۇق كاپالەتلىك قىلىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت يېتىلدۈرۈش كېرەك.

ناخشىچىنىڭ بەدىئىي ماھارىتى دېگىنىمىز، ئىلمىي ئۇسۇلدا ناخشا ئېيتىش قانۇنىيىتى بويىچە ئۆلچەملىك ناخشا ئورۇنلاش، بولۇپمۇ ئۆزىگە خاس ناخشا ئىجرا قىلىش ئۇسلۇبى ئارقىلىق ئاۋازى بىلەن ناخشىنىڭ ھېسسىياتىنى بىرلەشتۈرۈپ، ناخشىنىڭ تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرۇشتۇر. بەدىئىي ماھارەت يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ناخشىنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى، ئېستېتىك ماھىيىتىنى ياخشى چۈشىنىش كېرەك. شۇنىمۇ تەكىتلەش كېرەككى، ناخشىچى ئۈچۈن گۈزەل ئاۋاز بولۇپ، قايناق ھېسسىيات بولمىسا، يەنە بولمايدۇ. ناخشىدىكى ئاۋاز بىلەن ھېسسىياتنى ئورگانىك ھالدا بىر - بىرىگە زىچ بىرلەشتۈرۈش كېرەك. چۈنكى ناخشىدىكى ئېستېتىك ھېسسىيات تۇرمۇش گۈزەللىكىگە بولغان تۇيغۇ، تەسەۋۋۇر، تەپەككۇر، غايە، ئىرادە... قاتارلىقلاردىن پەيدا بولىدۇ ۋە ئاۋاز بىلەن زىچ بىرلەشكىنىدە ناخشىنى جانلاندۇرۇپ، تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ناخشىنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلالايدۇ. مۇشۇ مەسىلىلەر مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل بولغاندىن كېيىن مىللىي ئۇسلۇب بىلەن ياۋروپا ئۇسلۇبىنى بىرلەشتۈرۈپ ناخشا ئېيتىشنىڭ مۇھىم تۈگۈنلىرى يېشىلگەن بولىدۇ.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ئەسقەر تۇردى



# شىنجاڭ دېھقانلار رەسىمىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا

ئىنسانلار تەرەققىياتى جەريانىدا ئىپتىدائىي ئادەملەر ياشاش ئۈچۈن داۋاملىق ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغان ھەم تۈرلۈك قوراللار بىلەن ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىجاد قىلغان. تېخىمۇ ياخشى ياشاش، خۇشال-خۇرام تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن ئېستېتىك گۈزەللىككە ئىنتىلگەن ھەم سەنئەتنى ياراتقان. شۇڭا سەنئەتنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتى بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ كەتكەن. سەنئەت فۇنكسىيەسىنى يوقاتسا، گۈزەللىكتىن ئايرىلىپ قالسا ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتى بىلەن تۇرمۇشىنىڭ قىممىتى بولمايدۇ. ئىنسانلار سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئەمگەكچىلەرنىڭ داۋاملىق ئەمگەك پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا شەكىللەنگەن خەلق سەنئىتى ئاساسىدا تەرەققىي قىلدى ۋە داۋاملاشتى. شۇنداقلا ھەر خىل سەنئەت شەكىللىرى ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. خەلق سەنئىتى ئۇلۇغ تارىخىي باسقۇچتىكى مىللەتلەرنىڭ كوللېكتىپ ئېڭىغا، ھېسسىياتىغا، پىسخىك ساپاسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەر قايسى تارىخىي دەۋردىكى مەدەنىيەت-سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ.

خەلق گۈزەل سەنئىتى جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مۇنەۋۋەر تەركىبىي قىسمى. خەلق گۈزەل سەنئىتى ئەنئەنىۋى پەلسەپىۋى قاراش بىلەن ئېستېتىك قاراشنى تولۇق گەۋدىلەندۈرگەن. ئۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرى سەنئىتىنىڭ يىلتىزى ۋە مەنبەسى. مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ «ئانا سەنئىتى». ئۇ سەنئەتنىڭ مەزمۇنى بېيىتىپ داۋاملىق تەرەققىي قىلىدۇ.

خەلق گۈزەل سەنئىتى مىللەتلەرنىڭ يىلتىزىدىن تارقىلىپ كەلگەن. ئۇ خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ، خەلق ئارىسىدا تەرەققىي قىلىدۇ. سۆز ۋە

هەرىكەتلىك تەربىيەلەش شەكلى بىلەن تارقىلىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. خەلق گۈزەل سەنئەتى ئىجادچىلىرى ئاما ياقتۇرىدىغان تۇرمۇش كارتىنىسى بىلەن فولكلور (خەلقنىڭ ئۆرپ - ئادىتى)نى ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ ئېڭى ۋە ئۆزگە بولغان كۈچلۈك ئىشەنچىسى بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئۇلار ئوبيېكتىپ دۇنياغا بولغان تونۇشىنى بىۋاستە كۆرىتىش، ئوي - خىيال، تەسەۋۋۇر بىلەن ئىپادىلەيدۇ. خەلق گۈزەل سەنئەتى ئىجادچىلىرى ئۆز ئىجادىيىتىدە قەلبىدىكى گۈزەل ئارزۇ - تىلەكلىرىنى قايتا نامايان قىلىدۇ ھەم ئۇنى تېخىمۇ غايىۋىلەشتۈرۈۋېتىدۇ.

## دېھقانلار رەسمى

دېھقانلار رەسساملىقى دۆلىتىمىزنىڭ ئالاھىدە تارىخي شارائىتىدا شەكىللەنگەن بىر خىل رەسىم سىزىش سەنئىتى شەكلىدۇر. ئۇ 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە مەيدانغا كەلگەن. دېھقانلار رەسىمىدە دېھقانلارنىڭ يېڭى تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيۈش ۋە ئۇنى قوغلىشىش ئىستىكى نامايان قىلىنىپلا قالماي، دېھقانلارنىڭ كۈنسېرى يېڭىلىنىۋاتقان گۈزەل يۇرتلىرى مەدھىيىلىنىدۇ. ئۇنىڭدا يەنە دېھقانلارنىڭ ئاقكۆڭۈللۈكى بىلەن سەممىي ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. دېھقانلار رەسمى ئەنئەنىۋى خەلق سەنئىتىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى، مول مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي، ئەنئەنىۋى خەلق سەنئىتىنىڭ روھى قېزىلىدۇ. دېھقانلار رەسىمىدىكى ئېستېتىك قاراش ھەرقايسى مىللەت ئاممىسىنىڭ ئەنئەنىۋى سەنئىتى بىلەن قان بىلەن گۆشتەك بىرلىشىپ كەتكەن. ئۇلار قەلبىگە ئۇزاق يىل يوشۇرۇنغان بەدىئىي ئوبرازنى قايتىدىن قىزغىن نامايان قىلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئېستېتىك گۈزەللىكتىن بەھرىلىنىش ئىستىكىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

دېھقان رەسساملار زىننەتلەش، مەۋھۇملاشتۇرۇش، مۇبالىغە قىلىش، شەكىل ئۆزگەرتىش، ئاددىيلاشتۇرۇش، نەرسىلەشتۈرۈش ۋە ئوخشىتىش قاتارلىق ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپلا قالماي، ئۇلاردىكى بەدىئىي تۈزۈلۈش رەڭ ۋە ئوبرازنى دېھقانلارنىڭ ئېستېتىك گۈزەللىككە بولغان قىزىقىشى، بەدىئىي ئۇسلۇبى شۇنداقلا ھازىرقى دېھقانلارنىڭ ھېسسىياتى، قىزىقىشى بىلەن يۇغۇرۇۋېتىدۇ. رەسساملىقتىكى گۈزەللىك تەبىئەتنى سىزىشتىلا گەۋدىلىنىپ قالماي بەلكى رەسىم سىزىش ئۇسلۇبى، شەكىل ۋە قۇرۇلمىسىنى قايتا ئىجاد قىلىشتىمۇ گەۋدىلىنىدۇ. رەڭ بىلەن شەكىل قۇرۇلمىسى ئوبيېكت قىياپىتىنىڭ مۇستەقىل گۈزەللىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

## دېھقانلار رەسىمىنىڭ ئېستېتىك ئالاھىدىلىكى

1. ئېستېتىك ئوبرازنى قوغلاشقاندا چىن ھېسسىياتقا تايىنىدۇ. ئوبرازنىڭ «راست»لىقىغا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ.

2. جىسىم ئوبرازىدىكى «روھىيەت ئەينەنلىكى»نى قوغلىشىپ «شەكىل ئەينەنلىكى»نى قوغلاشمايدۇ.

3. ئۆز مەيلىچە ئوبراز يارىتىشنى قوغلىشىش ئالاھىدىلىكى: دائىم ئىلھامغا تايىنىدۇ، ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرىدۇ، يارىتىلغان ئېستېتىك ئوبرازدا ئۆز مەيلىچە بولۇش، كۆپ خىل بولۇش، خام بولۇش ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىنىدۇ.

4. ئوي - پىكىر ۋە ھېسسىيات قوغلىشىدۇ: ئۇششاق تەپسىلاتلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىغا ئەھمىيەت بېرىلمەي، زېھنىي قۇۋۋەت باش تېمىنى يارىتىدىغان ئوي - پىكىر، ھېسسىيات، ئاددىي ئىدىيە ۋە ئەقىل ئىدراكقا مەركەزلەشتۈرۈلىدۇ.

5. ئەركىنلىك بىلەن ئىختىيارلىقنى قوغلىشىدۇ: دېھقان رەسساملارنىڭ تۇرمۇش بىلەن ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە بولغان سۇبيېكتىپ پوزىتسىيەسى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. دېھقانلار رەسىمىدە يارىتىلغان ئوبرازلار بىلەن ئۇنىڭ مەزمۇنى چىن كۆڭلىدىن چىقىدىغان بولۇپ، چىن مۇھەببەت، چىن ھېسسىياتقا

تولغان بولىدۇ. دېھقان رەسساملار كۆڭلىدىكى ئېستېتىك تەسىرات ۋە ئېستېتىك غايىسىنى ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىماي ئەركىن - ئازادە سىزىپ چىقىدۇ. ئۇلار تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدۇ. تۇرمۇشتىكى كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، تۇرالغۇ، سەپەر قاتارلىقلاردىن گۈزەللىك ئىزدەيدۇ ۋە ئۇنى بايقايدۇ. لېكىن ئۇلار كۆڭلىدە ھېس قىلغىنىنى چىن ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت ھېسابلىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز ئىجادىيىتىدە ئىپادىلەيدىغىنى ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى نەرسىلەردۇر.

6. ئۆزىنى يارىتىش ئېڭى: ئۆز ئېڭىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئاكتىپ تەشەببۇسكار بولىدۇ. بۇنداق سۇبيېكتىپ ئاڭ خەلقنىڭ كۆڭلىدە تەلەپ قىلىدىغىنى بىلەن ئېستېتىك تەسىراتىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

7. شەيئىلەرنى قوغلاشقاندا مۇكەممەللىكنى تەشەببۇس قىلىدۇ: دېھقان رەسساملارنىڭ ئىجادىيىتىدە پۈتۈن ھېسسىياتىكى ھېسسىي بىلىش بىلەن ئەقلىي بىلىش ئوبيېكتتا ئۇنىۋېرسال گەۋدىلىنىدۇ. ئۇلار تۇرمۇشنى ئۇزاق يىل كۆزىتىش، بېشىدىن كەچۈرۈش جەريانىدا شەكىللەنگەن چىن، ئاددىي ھېسسىياتىنى ئۆز ئىجادىيىتىدە نامايان قىلىدۇ. ئۇلار ھېسسىياتىنىڭ تولۇق ئىپادىلىنىشىنى، شەيئىلەرنىڭ مۇكەممەل بولۇشىنى، ئارزۇسىنىڭ تولۇق ئەمەلگە ئېشىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

8. ئوبراز يارىتىش ۋە بەدىئىي تۈزۈلۈش جەھەتتە چىن تۇرمۇش ھادىسىلىرىگە ئېسىلىۋالمايدۇ: ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئوي - خىيال سىڭگەن، غايىسى تولۇق ئەكس ئەتكەن رەسىملەرنى سىزىپ چىقىدۇ. بۇنداق ئاددىي ئىدىيەۋى ھېسسىيات بىلەن ئېستېتىك ئېھتىياج دېھقانلار رەسىمىنىڭ ئۆزگىچە غايىۋى تەلەپلەرنى قويىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان.

### دېھقانلار رەسىمى سەنئىتىنىڭ ئوبراز يارىتىش ئالاھىدىلىكى

دېھقان رەسساملار شەيئىلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتقاندا ئەركىن، تەبىئەتتىن، زامان ۋە ماكاندىن ھالقىغان تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ ئوبراز يارىتىدۇ. دېھقان رەسساملار دائىم ۋاقىت، پەسىل، جۇغراپىيە، مۇھىت ۋە تېما سەۋەبىدىن ئوخشاشمايدىغان ئوبراز يارىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. دېھقانلار رەسىمىنىڭ ئۆزگىچە بەدىئىي ئوبراز يارىتىش ئىستېمىسى بولىدۇ.

دېھقان رەسساملار چىنلىقنى قوغلاشمايدۇ. يالغاننى توقۇپ چىقمايدۇ. ئابستراكت، مۇبالىغە، ئادەملەشتۈرۈش، نەرسىلەشتۈرۈش قاتارلىق سەر خىل ماھارەتلەر بىلەن شەيئىلەرنىڭ ئاددىي ئوبرازىنى نامايان قىلىدۇ.

دېھقان رەسساملارنىڭ ئوبراز يارىتىشتىكى ئۆزگىچە خاس ئېستېتىك ئېڭى، ھېسسىياتى ۋە تۇرمۇش قوغلىشىشى ئۇلارنى ئوبراز يارىتقاندا مەلۇم شەيئىنى تەبىئىي ئۆز پېتىچە ئىپادىلىمەك بىر خىل غايىۋىلاشقان قاراش بىلەن ئىپادىلەيدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان. ئۇلار ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى، تىلەكلىرىنى، قاراشلىرىنى ئۆز ئىجادىيىتىدە يوشۇرۇن ئىشارە قىلىدۇ.

دېھقان رەسساملارنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىكى ئوبرازلارنىڭ ھەممىسى رېئال تۇرمۇشتىن كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىدە شەكىل ئۆزگەرتىش بىلەن شەكىل ئۆزگەرتمەسلىك مەسىلىسى مەۋجۇت بولمايدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرى بويىچە ئۆز ھېسسىياتىنى تولۇق ئىپادىلەشكە تىرىشىدۇ، بۇ سەنئەتكارنىڭ غايىسىدىكى ئوبرازنىڭ ئۆز كۆڭلىدىكىدەك يارىتىلىشىدۇر.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يۇرتىدا

www.uyghurkitap.com

ئۆمەر سېيىت نىياز



# راۋابنىڭ ئۇيغۇر چالغۇلىرى ئىچىدىكى ئورنى

راۋاب قەدىمي ئۇيغۇر چالغۇسى بولۇش بىلەن بىللە، مۇقام ۋە خەلق ناخشىلىرىنى ئورۇنلاشتا ئاساسلىق چالغۇلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋاز تۈسى مۇقام، خەلق ناخشىلىرى ئەلنەغمە دېگەندەك مۇھىم مۇزىكا سەھنىسىدە ئاساسلىق رول ئويناش بىلەن ھازىرغا كەلگەن بولۇپ، باشقا چالغۇلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چالسىمۇ ياكى يەككە چالسىمۇ يەنە كىشىلەرگە ئېستېتىك زوق بېغىشلايدۇ. راۋاب ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇش بىلەن خەلقىمىزنىڭ مۇزىكىلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش جەھەتتە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. راۋاب ئەل ئىچى سەنئەتكارلىرى ئىجاد قىلغان ساز بولۇپ ئەل ئىچىدىن كەسپىي ئۆمەكلەرگە سىڭىپ كىرىپ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كەسپىي ئۆمەكلەرنىڭمۇ ئاساسلىق سازىغا ئايلانغان. ھەر بىر دەۋردە مەشھۇر راۋاب چالغۇچىلىرى يېتىشىپ چىقىپ ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئاۋاز تۈسىنى قانداق قىلغاندا تېخىمۇ يېقىشلىق ۋە ياڭراق چىقارغىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىسىدا مانا بۈگۈنكى راۋاب بارلىققا كەلدى. سەنئەت پېشىۋالىرى يالغۇز ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ئۈستىدىلا ئەمەس، يەنە چېلىش ماھارىتى جەھەتتىمۇ ئىزدىنىپ مەخسۇس راۋاب ئۈچۈن چېلىنىدىغان ئاھاڭلارنى ئىجاد قىلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت ئىنستىتۇتىدىكى قابىل ئوقۇتقۇچىلار مەشىق ماتېرىياللارنىڭ نوتا نۇسخىسىنى تولۇقلاپ ئۇنى يالغۇز مىللىي مۇزىكا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دۇنياۋى بىر چالغۇ ئەسۋاب قاتارىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىش بىلەن بىللە، كەلگۈسىدىكى سەنئەت ۋارىسلىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى ۋە مەشىق ماتېرىياللىرىنى تولۇقلىدى، راۋاب ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدىغان بولۇپ باس راۋاب، ئۆلچەملىك راۋابتىن تەركىب تاپقان. ئۆلچەملىك راۋاب مۇقامنىڭ مەرغۇل داستانلىرىدا ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۆلچەملىك راۋاب بىلەن باس راۋاب ئادەتتە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. ئەل ئىچى نەغمىچىلىرى

ئارىسىدىمۇ ئۆلچەملىك راۋاب چالىدىغانلارنى كۆپلەپ ئۇچرىتىش مۇمكىن. باس راۋاب پەقەت كەسپىي ئۆمەكلەردە ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ ئادەتتە خەلق سەنئەتكارلىرى ئارىسىدا كۆپ ئىشلىتىلمەيدۇ. راۋابنىڭ ئاۋازى مۇڭلۇق ۋە تەسىرلىك بولۇپ ئۇنىڭ ھەر بىر ساداسى ئادەمنىڭ يۈرەك بېغىشىنى تىترىتىپ ئۆتىدۇ. راۋاب ئاستا پەدىلەرگىمۇ ئىتتىك ئۇسسۇللۇق پەدىلەرگىمۇ ماس كېلىدۇ، چېلىش قانۇنىيىتى، سىم قۇرۇلمىسى ۋە شەكىل قۇرۇلمىسى ئۆز ئالدىغا چېلىش قانۇنىيىتى بولۇپ ئاۋاز تۇسىمۇ يەنە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە.

راۋابنىڭ ماسلىشىشچانلىقى يۇقىرى بولۇپ مىللىي مۇزىكىلار بىلەن ئورۇنلىغاندا ئۆزىنىڭ مىسكىن ۋە ياڭراق ئاۋازى بىلەن ئاڭلىغۇچىلاردا بىر خىل ھاياجانلىق كەيپىيات پەيدا قىلىدۇ. ئېلېكترونلۇق چالغۇلار بىلەن بىللە چالغاندا بىر خىل مىللىي خاسلىقنى نامايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ تۇسى باشقا ھېچقانداق چالغۇ بىلەن ئوخشىمىغاچقا ئوخشىمىغان مەيداندا ئوخشىمىغان تۇس ۋە تۇيغۇ بىلەن كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. ئاڭلىغۇچىلار ئۇنىڭ ئاۋازىنى باشقا سازلارنىڭ ئاۋازىدىن ئاسانلا پەرقلەندۈرۈۋالالايدۇ. يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر راۋاب پېشۋالىرىدىن بولغان تاشۋاي، ئوبۇل گاس، روزەك باشى قاتارلىقلار ئۇستازلار تارىختىن بۇرى چېلىنىپ كېلىۋاتقان راۋاب چېلىش ماھارىتىنى ئىزچىللىق يېڭىلاپ زەخمەك ۋە پەدە بېسىش جەھەتتە ئوخشىمىغان دەرىجىدە يۇكسەك بىر پەللىگە كۆتۈرۈش جەھەتتە چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە. دۆلىتىمىزدە شۇنداقلا چەت ئەللەردە ئۆتكۈزۈلگەن تۈرلۈك كېچىلىكلەردە يالغۇز كىشىلىك مۇزىكا ئورۇنلاپ خەلقىمىزنىڭ شۇنداقلا دۇنيا ئەھلىنىڭ راۋابقا بولغان تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈردى. راۋاب مەيلى مىللىي قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى جەھەتتە بولسۇن مەيلى ئاۋاز تۇسى جەھەتتىن بولسۇن، يەككە ياكى باشقا سازلار بىلەن مۇزىكا ئورۇنلاش جەھەتتە ئۆزىگە خاس مۇستەقىل قۇرۇلما ۋە ئاۋاز شەكلىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇر چالغۇلىرىنىڭ ئانا چالغۇسى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا تېگىشلىك ۋە ئورۇن ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. مەن بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلارنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ چېلىش ياكى قۇرۇلما جەھەتتىن بولسۇن تېخىمۇ مۇكەممەللىككە قاراپ يۈزلەندۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن.

---

ئاپتور: پىچان ناھىيەلىك ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ چالغۇچىسى


## جىددىي بىلدۈرگۈ

تەھرىراتىمىز ئۈرۈمچى شەھىرى شىنخۇا جەنۇبىي يولى 11-نومۇر ۋەنگو سارىيى 10-قەۋەتكە يۆتكەلدى. ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەرنىڭ مۇشۇ ئادرېس بويىچە ئالاقىلىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئەسەر ئەۋەتكەندە ئادرېسنى خەنزۇچە مۇنداق يېزىڭ:

新疆乌鲁木齐市新华南路 11 号万国大厦 10 楼“新疆文化”杂志编辑部　邮编:830000

ئەسەرنىڭ ئېلېكترون نۇسخىسىنى 1329451404@qq.comغا ئەۋەتىڭ.

كامالىي ئېھتىرام بىلەن:

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بەگمەت يۈسۈپ

# «قومۇل ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ تېكىستلىرى ۋە ئېلى ئىسمائىل

بۇنىڭدىن 27 يىل بۇرۇن مەن شىنجاڭ نېفىت مائارىپ ئىنستىتۇتىدىكى ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىم بىلەن خوشلىشىپ، قومۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى، تىل-يېزىق خىزمىتى ئىشخانىسىغا يۆتكىلىپ كەلدىم. بۇ دەل قومۇل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە «قومۇل ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ تېكىستلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قامۇسى — «قومۇل نەزمىلىرى» قىزىق تولۇپلىنىۋاتقان، رەتلىنىۋاتقان، تەھرىرلىنىۋاتقان ۋە نەشرگە بېرىشكە تەييارلىنىۋاتقان مەزگىل ئىكەن. مويسىپىت زات، كەسپىي ئۇستازىم ۋە مېنىڭ بۇ ئىشخانىغا يۆتكىلىپ كېلىشىمگە كۆپتىن-كۆپ كۈچ چىقارغان ئېلى ئىسمائىل دادا بىلەن ئەنە شۇنداق خىزمەتداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولۇپ قالدىم.

مەدەنىيەت مەشئەلچىلىرى

مەن بۇ كىشىنى بۇرۇنلا بىلەتتىم، ئۇنىڭ ئوغلى، مېنىڭ ساۋاقدىشىم مۇھەممەد ئېلى بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىلا دىداكتىك تەربىيەۋى نەسىھەت ۋە ئىلمىي مۇتائىلە سۆھبەتلىرىگە مۇشەرەپ بولغانىدىم. ئۇنىڭ ھارماي ئۆگىنىش ۋە ئىشلەش روھى ئىستۇدېنتلىق قەلبىمگە چوڭقۇر ئورناشقانىدى. ئۇ ماڭا تۇرمۇش ۋە خىزمەتتە ئۈلگە بولالايدىغان كىشى بولۇپ مۇشۇنداق رەھبەرنىڭ قول ئاستىدا خىزمەت قىلىش نەقەدەر كۆڭۈللۈك ۋە مەنىلىك-ھە!

«قۇمۇل نەزمىلىرى» ئاخىرى رويابقا چىقتى، بۇ جەرياندا ئېلى ئىسمائىل دادا نۇرغۇنلىغان ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى. نەچچە مىڭ يىللىق «مەنىۋى بايلىق» بار بۇ زېمىندا ئىز قوغلاپ ئىز تېپىش، قەھرىماندەك قىدىرىپ قېزىش ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ قولىدىن كېلىۋېرىدىغان ئىش ئەمەس، ئۆزىگە خاس تۇپلاش ماھارىتىگە ئىگە

ئېلى ئىسمائىل دادىدەك ئەس ـ يادىنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن بېغىشلىۋەتكەن كىشىلەرلا مول ئۇنۇمنىڭ ئىگىسى بولالايدۇ. ئۈچ يىللىق ئەگىشىش، ئۆگىنىش ۋە قول سېلىپ ئىشلەش ئۆگىنىش سۈرئىتىمنى، ئىلگىرىلەش سۈرئىتىمنى بىراقلا ئۆزگەرتىۋەتتى. مانا هازىر مەنمۇ ئۇلتۇرسام ئارام تاپماس، تۇرسام ئارام تاپماس، ماڭسام ئارام تاپماس بىر ئادەم بولۇپ قالدىم، ھەتتا يولدا ماڭساممۇ ئالدىراش ماڭغانلىقىمدىن باشقىلاردىن بىر نەچچە قەدەم ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ «ئارام تاپماس زات» بىلەن ئۈچ يىل ئارام تاپماستىن ئىشلەش داۋامىدىكى تەسىراتلىرىم ئاساسىدا بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل بۇرۇن «ئىزدەنگۈچىنىڭ ئىزى»، «يول ئاچقۇچىنىڭ ئىزى» قاتارلىق تېمىلاردا ئەسەر يېزىپ ئېلى ئىسمائىل دادىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئاسىيا كىندىكى»، «شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى»، «قومۇل گېزىتى» ۋە ئۆزۈم يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرگەن «تەقدىرداش» ژۇرنىلى قاتارلىقلاردا تەشۋىق قىلدىم. ھەر بىر رەھبەر، ھەر بىر خىزمەتچى، ھەر بىر ئىنساننى ئەنە شۇنداق ئىشلەشكە، ئەنە شۇنداق ياشاشقا، ئەنە شۇنداق ئىز قالدۇرۇشقا دەۋەت قىلغانىدىم، ھالا بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئېلى ئىسمائىلنىڭ توختىماي ئىزدىنىۋاتقانلىقىنى، تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى يارىتىۋاتقانلىقىنى بايقىدىم ۋە بايقاۋاتىمەن. ئۇ ئۇۋرغول ئاسمىنىدىكى چوڭ ـ كىچىك ساناقسىز يۇلتۇزلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يورۇق چاقناۋاتقان يۇلتۇزلارنىڭ بىرى ئىدى. مۇنەججىملەر ئەڭ گەۋدىلىك چاقنىغان يۇلتۇزلارغا ئىسىم قويۇپتىكەن. مەنمۇ ئۇۋرغولنىڭ، يەنى قەدىمىي قومۇلنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى يورۇتۇپ بېرىشكە ئالاھىدە چاقنىغان بۇ يۇلتۇزغا «ئۇۋرغول يۇلتۇزى» دەپ ئىسىم قويدۇم. يۇلتۇز قانداق چاقنىدى؟ بۇ سوئالنى كىشىلەر ھېلىمۇ مەندىن سورايدۇ. تەپسىلىي جاۋاب بېرىشكە قەلىمىم ھېلىمۇ ئاجىزلىق قىلىدۇ، كەلگۈسىدە قەلىمىمنى قۇۋۋەتلەندۈرۈپ قالارمەن.

### خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مۇتەخەسسىسى

بىر كىشىنىڭ قەدرى ـ قىممىتى ئېرىشكىنى بىلەن ئەمەس، بەلكى بەخش ئەتكىنى بىلەن ئۆلچىنىشى كېرەك. ئېلى ئىسمائىلنىڭ قىممىتى شۇ يەردىكى، ئۇنىڭ قومۇل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە «قومۇل ئون ئىككى مۇقامى»نى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە نەشر قىلىش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە خەلققە تەقدىم قىلغان ئۇلۇغ ئەمگەكلىرى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت گۈلىستانىغا سۇنۇلغان جۇلالىق گۈلدەستە، ئىشىنىمىزكى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەۋلادلىرىمىز ئۇنىڭ قىممىتىنى ۋە تارىخىي ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىشقا باشلايدۇ.

ئېلى ئىسمائىل 1937 ـ يىلى قومۇل شەھەر ئىچى يېڭى ئازنا بازار مەھەللىسىدە داڭلىق سۇنۇقچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، بالىلىق دەۋرىدە دادىسىنىڭ يېتەكلىشىدە ساۋادىنى چىقارغان. 1953 ـ يىلىدىن 1956 ـ يىلىغىچە قومۇلدا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1959 ـ يىلى سابىق ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىننى پۈتكۈزگەندىن كېيىن قومۇل ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1975 ـ يىلى قومۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت مائارىپ باشقارمىسىغا يۆتكىلىپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1985 ـ يىلى قومۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە قارمىقىدىكى مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە تىل ـ يېزىق خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن، 1999 ـ يىلى پېنسىيەگە چىققان.

ئېلى ئىسمائىل كىچىكىدىن باشلاپلا خەلق ئېغىز ئەدەبىيات-سەنئىتىگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان ئىدى. خەلق سەنئەتكارلىرىنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيتتى. ھەرقانداق كىشىدىن ئاڭلىغان، ھېكايە، چۆچەك، بېيىت-قوشاق، ماقال-تەمسىللەرنى گۆدەك قەلبىگە خاتىرىلەپ ماڭغاندىن باشقا، ئۆزىنىڭ مەخسۇس خاتىرىسى، ھەتتا دەرسلىك كىتاب-دەپتەرلىرىگە خاتىرىلەپ ماڭاتتى. ئۇ ئىشلار گەرچە پارچە-پۇرات، تەرتىپسىز ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئاخىرىدا ئۇنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ئەمگەك مېۋىسىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاساسى ۋە ئۇندۇرمىسى بولۇپ قالغانىدى.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا يۈكسەك ئىشتىياق باغلاپ، كۆڭلىگە نۇرغۇن ئارمانلارنى پۈككەن بۇ كىشىنىڭ ئىزگۈ-ئىستەكلىرى تولىمۇ جاپالىق ئەينى يىللارنىڭ توپا-چاڭلىرى ئارىسىغا كۆمۈلۈپ كەتتى، ئارزۇ-ئارمانلار كۆپۈككە ئايلاندى. قىران چاغلار كەلمەسكە كەتتى. بىراق 1975-يىلى خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن سابىق قومۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت مائارىپ باشقارمىسىغا يۆتكىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنىڭ ھاياتىدا يېڭى بۇرۇلۇش بولدى. بۇ جەرياندا ئۇ ئۆزىنىڭ خىزمەتكە بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقى ۋە ئالاھىدە تەشكىللەش، مۇناسىۋەت باغلاش ئىقتىدارىغا تايىنىپ قومۇل تەۋەسىدە ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ جانلىنىش ۋە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. قومۇلدىكى ھەرقانداق بىر يېزا-كەنتلەردە ئاممىۋى مەدەنىيەت يۇرتلىرى بەرپا قىلىنىپ، بىر تەرەپتىن يېزىلاردا 3-ئومۇمىي يىغىندىن بۇيانقى پارتىيەنىڭ پارلاق سىياسەتلىرى تەشۋىق قىلىنىپ، يېزا پەن-تېخنىكىسى ئومۇملاشتۇرۇلغاندىن باشقا خەلق ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىمۇ قايتىدىن باش كۆتۈرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. يۇقىرىدا مەركەزدىن، تۆۋەندە يەرلىكنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىغىچە خەلق ئەدەبىيات-سەنئەت مىراسلىرى، مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش ئىشىنى باشلىۋەتتى. شۇ مەزگىللەردە يىتتۈرۈپ قويغان ئەڭگۈشتەرىنى قايتا تېپىۋالغان كىشىدەك ئەڭ ھاياجانلانغان ۋە خۇشاللىقتا چۆمگەن كىشىلەرنىڭ بىرى دەل ئېلى ئىسمائىل بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ، بىر نەچچە يىللىق ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتىنى ئىشلەش جەريانىدا قومۇل خەلق ئېغىز ئەدەبىيات-سەنئەت مىراسلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت خەزىنىمىزدىكى كۆز چاقنىتىدىغان بىباھا گۆھەر، پۈتمەس-تۈگىمەس بايلىق ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتكەنىدى، شۇنداقلا دەل مۇشۇ مەزگىللەردىن باشلاپ ئۇ، قومۇل ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى بارلىق ئەلنەغمە سەنئەتكارلىرى، بېيىت-قوشاقچى، داستانچى، مۇقامچى ئۇستازلار بىلەن تونۇشقان ۋە ئۇلار بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقانىدى. شۇڭلاشقا قومۇل دىيارىدا نۇرغۇن كىشىلەر ئېلى ئىسمائىلنى تونۇيدۇ ياكى بىلىدۇ، ھۆرمەت قىلىدۇ، مانا بۇ ئاممىۋى ئاساس. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى سەنئىتىنى توپلاشتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن پەقەت مۇشۇنداق ئاممىۋى ئاساسقىلا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۆزىگە ۋە ئۆزى ئىشلەۋاتقان خىزمەتنىڭ ئۇلۇغۋار ئەھمىيىتىگە چەكسىز ئىشەنگەن ئېلى ئىسمائىل قومۇل خەلق ئېغىز ئەدەبىيات-سەنئەت مىراسلىرىنىڭ موللۇقى، رەڭگارەڭلىقى ۋە گۈزەللىكىنى پۈتۈن ئەلگە نامايىش قىلىش ئۈچۈن ھارماي-تالماي ئىزدىنىشكە كىرىشىپ كەتتى. بولۇپمۇ 1985-يىلى قومۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە قارمىقىدىكى مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى، تىل-يېزىق خىزمىتى ئىشخانىسىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن

بىر قەدەر ئەۋزەل شارائىت، خىزمەتداشلىرىنىڭ قوللىشى ۋە ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا تېخىمۇ يۇكسەك مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلىرى، مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ۋە «قومۇل ئون ئىككى مۇقامى»نى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى باشلىۋەتتى. بۇ جەرياندا ئۇ خەلقنىڭ ئىچىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ يۇكسەك ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، ھېرىپ- چارچىغىنى، ئاچ- توق قالغىنى بىلەن ھېسابلاشماي 1980- يىلىدىن 1990- يىلىغىچە بولغان ئون يىل جەرياندا 15 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق يول بېسىپ، قومۇل شەھىرىگە قاراشلىق 38 يېزا، بىڭتۇەنگە قاراشلىق يالاڭ كارىز، ساقا، توغۇچى قاتارلىق ئۈچ دېھقانچىلىق مەيدانى، تارانچى كان رايونى، ھەربىي ئات فېرمىسى قاتارلىق 43 نۇقتىنى ئالا قويماي قېزىپ، تەكشۈرۈپ 55 كوللېكتىپ، 1000 دىن ئارتۇق شەخسنى زىيارەت قىلىپ، 10 مىڭ كۇپلېتتىن ئارتۇق ھەر خىل تېمىدىكى بېيىت- قوشاق، 65 پارچە مەسەل، چۆچەك، 2600 ماقال- تەمسىل، 110 پارچە ئەپسانە، رىۋايەت، 200 دىن ئارتۇق جەمەت لەقەملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى، 100 نەچچە ئەلنەغمىچى، مۇقامچىنىڭ تەرجىمھالى، 147 پارچە قەدىمكى كىتابلارنى توپلاپ چىقتى. نەچچە ئونلىغان يازما خاتىرە، 260 دانە ئۈنئالغۇ لېنتىسى ۋە ئەلنەغمە، مەشرەپ، سەنئەتكارلارنىڭ سۈرىتى، ئۆرپ- ئادەت تېمىسىدىكى 300 نەچچە پارچە خاتىرە سۈرئەت قالدۇردى. بۇنىڭ ئىچىدىن 6000 كۇپلېتتىن ئارتۇق قوشاقنى كارتىغا ئالدى. ئەڭ ئاخىرىدا مەملىكەتلىك ئۈچ چوڭ توپلام خىزمىتى كومىتېتىنىڭ «ئىلمىيلىك، ئومۇمىيۈزلۈك ۋە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇش» دېگەن پىرىنسىپى بويىچە تەكرارلانغان قوشاقلارنى يەنە بىر قېتىم شاللاش ۋە تاللاش نەتىجىسىدە 1991- يىلى 4- ئايدا «قومۇل نەزمىلىرى»دەك ئون قىسىم، تەخمىنەن 20 مىڭ مىسرا بېيىت- قوشاقتىن تەشكىل تاپقان مۇشۇنداق چوڭ ھەجىملىك، كۆپ قاتلاملىق، مۇكەممەل سىستېمىغا ئىگە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ قامۇسى خاراكتېرلىك ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. «قومۇل نەزمىلىرى»نىڭ دۇنياغا كېلىشى بىلەن قومۇل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش ساھەسىدىكى بىر بوشلۇق تولدى. ئېلى ئىسمائىل ئۆزىنىڭ ئۇزاق يىللىق جاپالىق ئەجرىنىڭ مېۋىسىدىن شادلانغىنىدەك قومۇل خەلقى ئەجدادلىرىنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدە ياراتقان پۈتمەس- تۈگىمەس مەنىۋى بايلىقلىرىنى ئەڭ مۇكەممەل توپلام ھالىتىدە كۆرۈپ چەكسىز ئىپتىخارلاندى. «قومۇل نەزمىلىرى»نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك نەشر قىلىنىشى يالغۇز ئېلى ئىسمائىلنىڭ جاپالىق ئىزدىنىش روھىنىڭ مەھسۇلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى، خەلق سەنئەتكارلىرى، كەڭ خەلق ئاممىسى ۋە رەھبەرلىكىنىڭ يېقىندىن ھەمكارلاشقانلىقى ۋە قوللاپ- قۇۋۋەتلىگەنلىكىنىڭمۇ نەتىجىسى، ئەلۋەتتە.

ئېلى ئىسمائىل ئۇزاق يىللىق خىزمەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا خىزمەتداشلىرى بىلەن زىچ ھەمكارلاشتى، خەلققە سادىق بولدى، خەلق سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە سادىق بولدى، ئۆزگەرتمىدى، قوشۇپ قويمىدى، بەلكى ئەڭ زور ئىمكانىيەت ئىچىدە چۈشۈرۈپ قويماسلىققا تىرىشتى. خەلقتىن ئالدى، ئاخىرىدا خەلققە قايتۇردى. مانا مۇشۇنداق رەت قىلىپ بولمايدىغان ئاساسلار تۈرتكىسىدە «قومۇل نەزمىلىرى»دىن ئىبارەت بۇ يىرىك ئەسەر 1992- يىلى 11- ئايدا شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن

www.uyghurkitap.com

مەملىكەتلىك كىتاب باھالاش پائالىيىتىدە مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك «جۇڭگو كىتابلىرى مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن «قومۇل نەزمىلىرى» ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كىلاسسىك ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك»تىن كېيىن مۇشۇ شەرەپكە ئېرىشكەن ئىككىنچى كىتاب بولۇپ قالدى.

يولداش ئېلى ئىسمائىلمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەشتىن ئىبارەت ئۇزاق مۇددەتلىك جاپالىق ئەمگىكىگە يارىشا دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى ۋە مەملىكەتلىك سەنئەت ئىلىم - پەن لايىھەلەش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن دۆلەتلىك نۇقتىلىق پەن تەتقىقات تۈرى، مەملىكەتلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلاملىرى خىزمىتى بويىچە «خاتىرە مۇكاپاتى»غا ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىلغار توپلىغۇچى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1992 - يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى پائالىيىتى»نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا مەملىكەت بويىچە تاللاپ چىقىلغان ئون نەپەر تۆھپىكار ئالىم، مۇتەخەسسىس قاتارىدا «مۇقام سەنئەتكارى» دېگەن شەرەپكە ئېرىشتى. بۇ جەرياندا ئېلى ئىسمائىلنىڭ شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ئۆچمەس ئىش ئىزلىرى مەملىكەت، ئاپتونوم رايون ۋە قومۇل ۋىلايەتلىك تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىدە بەس - بەس بىلەن تەشۋىق قىلىندى.

ئۇنىڭدىن باشقا ئېلى ئىسمائىل يەنە ئۇزاق يىللىق ئىزدىنىش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن ماتېرىياللىرىنى داۋاملىق رەتلەپ، نەشر قىلدۇردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە «سىلىقلىقدىن ئىللىقلىقى ياخشى» قاتارلىق بەش پارچە چۆچەك ھەمدە ئاقپاشا، ئاخۇنبەك، ھەسەن كەكلىك، قۇربان كەكلىك، سەيدۇلئۇستا، ئەھمەت ئىسمائىل، ئەسئەت مۇختار (دۆلەت دەرىجىلىك مۇقام ۋارىسى) قاتارلىق 26 نەپەر ئاتاقلىق مۇقامچى ۋە پېشقەدەم سەنئەتكارلارنىڭ ھاياتى ۋە تۆھپىلىرى تونۇشتۇرۇلغان تەرجىمھال ماقالىسى «مۇقام پېشۋالىرى» ناملىق مەجمۇئەگە كىرگۈزۈلدى، «قومۇل خەلقىنىڭ توي ئادەتلىرى» قاتارلىق ئۈچ پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىندى.

ئېلى ئىسمائىل يەنە 1993 - يىلى 8 - ئايدا قومۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن «قومۇل مۇقاملىرى مۇھاكىمە يىغىنى»غا ئالاھىدە قاتناشتى. 1995 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قومۇل شېۋىسى» ناملىق كىتابىنى تۈزۈش خىزمىتىگە پائال قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ قېزىش، توپلاش جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقى ۋە ئالاھىدە رولىنى يەنە بىر قېتىم جارى قىلدۇردى. 1998 - يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «مەملىكەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقات يىغىنى»غا قاتناشتى. يىغىنغا سۇنغان ماقالىسى مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئېلى ئىسمائىل دەم ئېلىشقا چىققان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىلگىرى توپلىغان بىرىنچى قول ماتېرىياللىرىنى داۋاملىق رەتلەپ، تەتقىق قىلىپ نەشر قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ.

## ئاتاقلىق خەتتات

ئېلى ئىسمائىل بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر ئىسمى - جىسمىغا لايىق يېتۈك سەنئەتكار، ئۇ، قومۇلنىڭ قېزىپ تۈگەتكۈسىز خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىغا ئىگە قەدىمكى مەدەنىيەت بۆشۈكى ئىكەنلىكىنى ئەڭ بۇرۇن ھېس قىلىپ ۋە باشلامچىلىق بىلەن قول سېلىپ ئىشلەپلا قالماي، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئۇزاق يىللار مابەينىدە جاپالىق ئىزدىنىش ۋە مەشىق قىلىش

جەريانىدا يېتىلدۈرگەن خەتتاتلىق ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، خەتتاتلىقنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىدە ئۆز ماھارىتىنى نامايان قىلدى، شۇنداقلا شوخ، ئەركىن، مەردانە ھەمدە نەپىس ئۇسلۇبى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ جەزبىدارلىقىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا زور شان- شەرەپلەرگە ئېرىشتى. ئېلى ئىسمائىلنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ مەيلى لاتىن يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى (يېڭى يېزىق)دا بولسۇن، مەيلى ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى (كونا يېزىق)دا بولسۇن، ھەرقانداقىدا قولىغا ھۆسنخەت قەلىمىنى ئالسىلا ئاق قەغەز يۈزىدە خەت بىلەن گۈل چىقىرىۋېتەلەيدۇ. چوڭ پىلاكات، لوزۇنكا، ئېلان تاختىلىرىنىڭ ھۆسنخەتلىرىنى يازغىنىدا ئۇنىڭدىكى تولۇق، مەردانە، نەپىس ئۇسلۇبنى كۆرگەن كىشى ھاياجانلانماي قالمايدۇ. ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئەسەرلىرىدىكى ئوبرازچانلىق، جانلىقلىق ۋە ئىجادكارلىق ھەرقانداق سەنئەتكارنى قايىل قىلماي قالمايدۇ. شۇڭا مەشھۇر يىغىپ ساقلىغۇچى مۇتەخەسسىسى، ئاتاقلىق خەتتات جاڭ شۈلياڭ ئەپەندىنىڭ ئۇنىڭغا ئالاھىدە خەت يېزىپ «...ئەپەندىم، سىزنىڭ خەتتاتلىق سەنئىتىدىكى ئۇسلۇبىڭىز جۇڭگو خەتتاتلىق سەنئىتى سەھىپىسىدىن ئورۇن ئېلىپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە تەسىر پەيدا قىلغۇسى... بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جاپا- مۇشەققەتكە پىسەنت قىلماي مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاپ ۋەتىنىمىز ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتىڭىز» دەپ باھا بېرىشى، يەنە بىر يىغىپ- ساقلاش مۇتەخەسسىسىنىڭ خەت يېزىپ: «ئەپەندىم، سىزنىڭ بۈيۈك ئەسەرلىرىڭىز مەندە ئاجايىپ بىر خىل تەسىرات، بىر خىل گۈزەل تۇيغۇ پەيدا قىلدى. مەن بۇلارنىڭ قالتىس سەنئەت ئىكەنلىكىنى، ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىدىكى نادىر ئەسەر، مەدەنىيەت- سەنئەت ساھەسىدىكى ئۆزگىچە نۇر چېچىپ تۇرىدىغان ئاجايىپ ئەسەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم» دېيىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئەمەس.

ئېلى ئىسمائىل دادا خەتتاتلىق ساھەسىگە قەدەم قويغان 40 نەچچە يىل مابەينىدە ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، قومۇل ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى ئىدارە- ئورگان، جەمئىيەت- تەشكىلاتلارنىڭ ۋىۋىسكا، لوزۇنكا، پىلاكاتلىرى، گېزىت- ژۇرنال، مۇقاۋا، تىتۇللىرىنىڭ ھۆسنخەتلىرىنى يېزىپ بېرىشتىن سىرت، «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ مائارىپى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «قومۇل ئەدەبىياتى»، «قومۇل گېزىتى» قاتارلىق گېزىت- ژۇرناللاردا ۋە «شىنجاڭدىكى پېشقەدەم خەتتاتلارنىڭ ھۆسنخەت ئەسەرلىرى»، «ھۆسنخەت ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار» قاتارلىق توپلاملاردا ئېلگىرى ئاخىرى بولۇپ 100 پارچىغا يېقىن ھەر خىل نۇسخىدىكى ھۆسنخەت ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدى. بۇلاردىن تاشقىرى 50 پارچە ھۆسنخەت ئەسىرى ۋىلايەت، ئاپتونوم رايونلۇق، مەملىكەتلىك ۋە خەلقئارالىق رەسىم- ھۆسنخەت كۆرگەزمىلەرگە قاتناشتۇرۇلۇپ زور تەسىر قوزغىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە 1986- يىلى 9- ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن «چېگرا رايوندىكى بەش ئۆلكىنىڭ مەملىكەتلىك 2- قېتىملىق ھۆسنخەت- رەسىم كۆرگەزمىسى»گە ۋە يۇننەندە ئۆتكۈزۈلگەن «چېگرا رايوندىكى بەش ئۆلكىنىڭ مەملىكەتلىك 3- نۆۋەتلىك ھۆسنخەت رەسىم كۆرگەزمىسى»گە قاتناشتۇرۇلغان ئەسەرلىرى يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى. 1987- يىلى 8- ئايدا ئىككى پارچە ئەسىرى بېيجىڭدا ئېچىلغان خەلقئارا يىپەك يولى ھۆسنخەت كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلۇپ، مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1989- يىلى ئۇنىڭ يەنە بىر پارچە

uyghurkitap.com

ئەسرى «دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك خەتتاتلىق، ئويمىچىلىق كۆرگەزمىسى»دە نادىر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ نامى، ئىش ئىزلىرى ۋە ئەسەرلىرى 1990-يىلى 9-ئايدا جېجياڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «جۇڭگو ھازىرقى زامان مەشھۇر خەتتاتلىرى قامۇسى»غا ۋە 1991-يىلى تيەنجىن ياڭلىيۇچىڭخۇا نەشرىياتى نەشر قىلغان «ھۆسنخەت جەۋھەرلىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلدى. 1991-يىلى 5-ئايدا شەرقىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر خەتتات ۋاڭ شىجىن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1690 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن جۇڭگو جۇخەي ئالاھىدە رايونىدا ئۆتكۈزۈلگەن «خەلقئارا ئالتۇن غاز مۇكاپاتى ھۆسنخەت مۇسابىقىسى»گە قاتناشتى ۋە مۇسابىقە كومىتېتى تەرىپىدىن مۇشۇ قېتىملىق مۇسابىقىنىڭ ئالاھىدە نوپۇزلۇق مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىندى. 1994-يىلى بېيجىڭدا، 1995-يىلى 12-ئايدا ياپونىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن «جۇڭگو-ياپونىيە خەتتاتلىق مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش خەلقئارالىق كۆرگەزمىسى»دە ئىككى پارچە ئەسىرى نادىر ئەسەر مۇكاپاتىغا، بىر پارچە ئەسىرى خەلقئارالىق 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى ۋە ياپونىيە خەلقئارا كۆرگەزمە زالىدا خۇسۇسىي كۆرگەزمە ئېچىشقا تەكلىپ قىلىندى. ئۇنىڭ تەرجىمھالى 1994-يىلى 6-ئايدا مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلغان «جۇڭگو ھازىرقى زامان خەلق سەنئىتى ساھەسىدىكى مەشھۇر كىشىلەر مەجمۇئەسى»گە كىرگۈزۈلگەن. 1997-يىلى شىنجاڭ خەتتاتلىق سەنئىتى بويىچە تۆھپىكار مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، 1998-يىلى 8-ئايدا شياڭگاڭ گۈزەل سەنئەت نەشرىياتى بىلەن بېيجىڭ چىڭخۇا نەشرىياتى بىرلىكتە نەشر قىلغان «خەلقئارا سەنئەتكارلار تەزكىرىسى»دە تونۇشتۇرۇلغان ۋە مەزكۇر گۈزەل سەنئەت توپلىمىنىڭ مەسلىھەتچى مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئالغان. 1998-يىلى 6-ئايدا «جۇڭگو تارىخىدىكى خەتتاتلار بۈيۈك قامۇسى»دا ئەسەرلىرى ۋە تەرجىمھالى بىلەن تونۇشتۇرۇلغان 1998-يىلى 11-ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «جۇڭگو مۇتەخەسسىسلەر قامۇسى»نىڭ شىنجاڭ توپلىمىدا تەرجىمھال ۋە ئىش ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغان. 1999-يىلى 10-ئايدا جۇڭگو مۇھاجىرلار نەشرىياتى نەشر قىلغان «خەلقئارالىق ئەربابلار قامۇسى»دا ئالاھىدە تونۇشتۇرۇلغىنىدىن باشقا مەزكۇر كىتابنىڭ مەسلىھەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئالغان. 2003-يىلى 9-ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات بۆلۈمى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك يېڭى ئەسىر ھۆسنخەت-رەسىم كۆرگەزمىسىدە مىس مېدالغا ئېرىشكەن، 2003-يىلى قومۇل رايونى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن خەلق ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى مۇسابىقىسىدە «كۆمۈش قالقان مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن.

## شىپالىق قول سۇنۇقچى

ئېلى ئىسمائىل غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مۇتەخەسسىسى ھەمدە داڭلىق خەتتات بولۇپلا قالماي، قومۇل دىيارىدا كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن مۆئەييەن تەسىرگە ئىگە شىپالىق قول سۇنۇقچى. قارىماققا ئۇنىڭ ماھىر قوللىرى ھەممىگىلا قادىردەك كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭسىزمۇ ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ياغاچچىلىق، نەققاشلىق، رەسساملىقتا ئوخشاش ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلالايدۇ. ئېلى ئىسمائىل دادىسى مەشھۇر تېۋىپ، ئۇستا سۇنۇقچى كېلەر ئىسمائىلنىڭ تەسىرىدە سۇنۇقچىلىقنى ئۆگىنىپ، دادىسى ھايات

ۋاقىتلىرىدىلا خېلى مۇرەككەپ سۇنۇق، چىقىقلارنى مۇستەقىل ھەم توغرا بىر تەرەپ قىلالايدىغان بولغان، ئۇنىڭ دىياگنوزى دوختۇر، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ھازىرغا قەدەر ئۇ، ھەر خىل سۇنۇق، چىقىقلاردىن تەخمىنەن 1000 ئادەم (قېتىم )دىن ئوشۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك داۋالاپ كىشىلەرنىڭ روھى ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى ئازابىنى تۈگىتىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئىقتىسادىي سىپلىقىنىمۇ يېنىكلىتىپ كەلدى. ھېچكىمدىن بىرەر قېتىم ھەق تەلەپ قىلمىدى، ھەتتا ئۆزى ماتېرىيال چىقىرىپ كېسەل داۋالىدى. يۆتكەش بىئەپ كېسەللەرنى ئۆيىدە ياتقۇزۇپ كۈتتى. ياخشىلىق يەردە قالمايدۇ، ئېلى ئىسمائىلنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتىگە خەلق ئۆزىنىڭ چەكسىز ھۆرمىتى ئارقىلىق جاۋاب قايتۇردى. ھازىر ئېلى ئىسمائىل ئۆزىنىڭ ئاتا كەسىپ سۇنۇقچىلىق ھۈنىرىنى ۋە خەتتاتلىق ماھارىتىنى ئوغلىغا تولۇق ئىگىلەتتى.

ھازىر ئېلى ئىسمائىل خۇددى ياش چاغلىرىدەكلا تېتىك ھەم ئىجادكار، ئۇ بوش ۋاقىت چىقىسىلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى سەنئەت ئەسەرلىرىنى توپلايدۇ، تەتقىق قىلىدۇ، ھۆسنخەت مەشىق قىلىدۇ، لايىھەلەيدۇ ۋە ئىجاد قىلىدۇ. ۋاقىتتىن پايدىلىنىشقا بۇنداق ماھىر كىشى ئاز تېپىلىدۇ. ھازىر ئۇ ئوغلى بىلەن بىرلىشىپ ئاتا - بالا خەتتاتلىق، ھۆسنخەت كۆرگەزمىسى ئېچىشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتىدۇ.

ئېلى ئىسمائىل جۇڭگو خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاممۋى مەدەنىيەتنى قېزىش، تەكشۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پېشقەدەم خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلار بىرلەشمىسى 3 - ، 4 - ، 5 - قېتىملىق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىلى، قومۇل ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى.





# تەپەككۇر مېۋىلىرى

**تەپەككۇر تېز سىزمىلىرى**

▲ تۇرمۇشنى ئىدىيە پىلانلايدۇ.

▲ ئەرلەر مۇۋەپپەقىيەت ئۈچۈن، ئاياللار مېھىر-مۇھەببەت ئۈچۈن ياشايدۇ.

▲ ئەرلەرگە جاسارەت، ئاياللارغا لاتاپەت يارىشىدۇ.

▲ پەزىلەتلىك ئاياللار ئائىلىنىڭ يۈرىكى، مىللەتنىڭ بايلىقى.

▲ نەپسىمۇ بىر جەڭگاھ، بۇ جەڭگاھتا ئەقىدىسىز ئادەملەر ھامان مەغلۇپ بولىدۇ.

▲ يالغانچى ئىشەنچسىز، ئەخلاقسىز ئىززەتسىز.

▲ ئىزتىراپسىز مۇھەببەت بولمايدۇ.

▲ جاپا — ئىرادىلىك ئادەملەر ئۈچۈن ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ.

▲ شام ئۆزى ئۈچۈن كۆيمەيدۇ.

▲ سالاپەت قەلبتىن، پاساھەت تىلدىن نىشان.

▲ مۇھەببەت — غېرىبانە كۆلبىگىمۇ نۇر بېغىشلايدۇ.

▲ ئەخلاقسىزلىق — ئىنسانلىق ئىززەتنى يەرگە ئۇرىدۇ.

**تەپەككۇر كۆزى**

▲ كۆيۈنۈش — مۇھەببەت قەسرىنى ئاچىدىغان ئالتۇن ئاچقۇچ.

▲ ھايات قانۇنىيەتكە، ئادەم قائىدىگە موھتاج.

▲ غاپىل كاللىسىنى ئۆزى كۆتۈرگەن بىلەن، ئۇنى باشقىلار باشقۇرىدۇ.

▲ ھايۋان يېيىش ئۈچۈن ياشىشى مۇمكىن، ئەمما ئىنسان ياشاش ئۈچۈن يەيدۇ.

▲ ئەخلاقسىزلىقلار ئادەمنىڭ ھەق-ناھەق تۇيغۇسىنى تۆۋەنلىتىدۇ.

▲ شەخسىيەتچى ئادەملەر ئەقلىيلىقتىن چەتنەپ ھېسسىيلىققا مايىل كېلىدۇ.

▲ ئىسلاھاتچىلاردا مەنىۋى ساپا ۋە پاراسەت يېتەرلىك بولىدۇ.

▲ قىممەت قاراش يول، ئەقىل رول.

▲ ئادىللىق شوئارغا ئايلانغاندا، ساختىلىق بازار تاپقان بولىدۇ.

▲ مەنمەنلىكنى كەچۈرگىلى بولغان بىلەن، مەنسىتمەسلىكنى كەچۈرگىلى بولمايدۇ.

▲ تەدبىرى يوقنىڭ تەقدىرىنى باشقىلار بەلگىلەيدۇ.

▲ نىشان بولمىسا ئارمان بولمايدۇ.

▲ ساددا ئادەمنىڭ دېگەنلىرىدە زىيان سېلىش نىيىتى يوق، ئەمما دېگەنلىرى بويىچە ئىش كۆرسەك زىيان تارتىشىمىز مۇمكىن.

▲ نادان ئادەملەر نەتىجىدىن بەكرەك باھاغا

مەستانە بولىدۇ.

▲ توغرا يولدا تاپقان پۇل- مال ئادەمنىڭ قەددىنى تىك قىلىدۇ، ئەمما ناتوغرا يول بىلەن تاپقان پۇل- مال ئادەمنى يەرگە ئۇرماي قالمايدۇ.

▲ قەلب تۈۋىشىغا قۇلاق سالىدىغان ئادەملەر خىلۋەتنى ئىستەر.

▲ تەسەۋۋۇر خىيال باسقۇچىدا توختاپ قالغاندا مۇۋەپپەقىيەت تېخى يىراقتا قالغان بولىدۇ.

▲ يىقىلىش خەتەرلىك ئەمەس، ئورنىدىن تۇرماسلىق خەتەرلىك.

▲ مۇھەببەت ــ چۈشىنىش، نىكاھ ــ بېغىشلاش، بېغىشلاش ــ ئېرىشىش.

▲ ئىدىيە قەدەمگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، قەدەم مەنزىلگە.

▲ ئەيىب بىلەن كەمتۈك، كەيپ بىلەن ئاجىز.

▲ ئىرادە روھى بايلىق، ھەرىكەت ــ ماددىي بايلىق.

▲ ئىرادە ئادەمنى تاۋلايدۇ، چۈشكۈنلۈك ئادەمنى «ساۋايدۇ».

▲ ئىززەت ــ نۇسرەت.

▲ يول بىر، تەدبىر مىڭبىر.

▲ ئىرادە ئارمانلارنى يارىتىدۇ، ئىزچىللىق بايلىقنى.

▲ ئارمانلىق بول، ئەمما پىلانلىق بولۇشنى ئۇنتۇما.

▲ ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان تىرىشچانلىق پەقەت ئاۋارىچىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

▲ پىلان ــ ئۆزىڭىزدە بار ئەۋزەللىككە ماس كەلگەندىلا ئۈنۈمى بولىدۇ.

▲ ھۇرۇنلۇققا پىلان كەتمەيدۇ، ئەمما پىلانسىزلىق ھۇرۇنلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

▲ تۇرمۇشتا لايىھە بولسۇن، ئەمما لايىھە ھاياتىڭىزنى بەلگىلىمىسۇن!

▲ كىم بىلەن دوسلاشقىنىمىز مۇھىم ئەمەس، قانداق ئادەم بىلەن دوسلاشقىنىمىز مۇھىم.

▲ بايلىق يېڭىلىق ياراتقۇچىلارنىڭ قولىدا بولىدۇ.

▲ روھى بايلىق ماددىي بايلىققا يول.

▲ ئەمەلىيەتچانلىق ــ تۇرمۇشنى چۈشىنىشتىكى يول.

▲ يېڭىلىق يارىتىش- تالانت، ھەمكارلىشىش سەنئەت.

▲ تۇرمۇش تەلەيگە باقىدىغان قىمار مەيدانى ئەمەس.

▲ ئويلىغىنىنى قىلالايدىغانغا جۈرئىتى بارلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت پۇرستىمۇ بولىدۇ.

▲ تۇغۇلۇش پۇرسەت، ياشاش قىممەت.

▲ ھەرقانداق ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىقتىدارى بولىدۇ، مۇھىمى ئۇنى بايقاش.

▲ دانا ئادەم ھاياتنى ھەرىكەت بىلەن ئۆلچەيدۇ.

▲ ئۆزى ئۆزگەرگەننىڭ ھاياتى ئۆزگىرىدۇ.

▲ مەسئۇلىيەتتىن قېچىش ئىشەنچنى يەرگە ئۇرىدۇ.

▲ مەيدانغا كەلگەن نەتىجىلەر تۈنۈگۈنگە تەۋە، كېلىۋاتقان نەتىجىلەر بۈگۈنگە مەنسۇپ، كەلمەكچى بولغان نەتىجىلەر ئەتىگە مەنسۇپ.

▲ ساختا بىلىم سۇنئىي نەرسىدەك ئۇزاققا پايلىمايدۇ.

▲ ئەيىب يۈزۈڭنى تۆكىدۇ، كەيپ ئۆزۈڭنى تۆگەشتۈرىدۇ.

▲ ئادەم ئۆزى ئارزۇ قىلغان ۋە قولىدىن كېلىدىغان ئىشنى قىلغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ.

▲ خىزمەتتىكى ئۇششاق ئىشلار، دەپ سەل قارىغىنىڭىز دەل سىزنىڭ ئاجىزلىقىڭىز.

▲ مەسئۇلىيەت ئادەمنى مۇكەممەللىككە يېتەكلەيدۇ.

▲ جەريانغا دىققەت قىلساق نەتىجىدىن ئەنسىرىمىسەكمۇ بولىدۇ.

▲ ئەستايىدىللىق نەتىجىگە (مۇۋەپپەقىيەتكە) يېتەكلەيدۇ.

▲ تۇرمۇش ئادەمدىن ئەمەلىي بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

▲ نەتىجە پىلاننى يول، ھەرىكەتنى قىبلىنەما، ئىزچىللىقنى شەرت قىلىدۇ.

▲ غايىلىك ئادەمنىڭ ئۆيى بولغان بىلەن ئائىلىسى بولمايدۇ.

▲ يېڭى كەسىپ ــ يېڭى تەجرىبە.

▲ ۋاقىتلىق قىزىقىش ــ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىشتۇر.

ــ ئابلەت روزى

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە «بابۇر» كومپيۇتېر خانىسىدىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزالىرىنىڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش كۇرسى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزالىرىنىڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش كۇرسى 2017- يىلى 7- ئاينىڭ 9- كۈنىدىن 12- كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىن كەلگەن 140 نەچچە نەپەر، 20 نەچچە مىللەتتىن تەركىب تاپقان جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى ۋە ئىجادىيەت تايانچ كۈچلىرى بۇ قېتىملىق كۇرسقا قاتناشتى. بۇ قېتىملىق كۇرس مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تەلىپىگە ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەنگە قاراشلىق ئەزالار بىرلىكتە قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى تيەن ۋېن، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بەي گېڭشېڭ، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جاڭ شىنشېڭ، ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى غەيرەت ئاسىم، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ھەيئەت رىياسەتچىلىكىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي رەئىسى ئازاد سۇلتان، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى، «غەربىي دىيار» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى شېن ۋېي ۋە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى 8- نۆۋەتلىك ھەيئەت رىياسەتچىلىكىنىڭ ئەزالىرى ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

**مەدەنىيەت- سەنئەت خەۋەرلىرى**

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بەي گېڭشېڭ باشلىنىش سۆزى قىلدى ھەمدە «جۇڭگو مەدەنىيىتىگە بولغان ئىشەنچىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، ئورتاق روھىي ئائىلە قۇرۇپ چىقايلى» دېگەن تېمىدا دەرس سۆزلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «شىنجاڭ ئەزەلدىن شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتى ئۇچرىشىدىغان، جۇغلىنىدىغان رايون بولۇپ كەلگەن. ھەرقايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئۆزئارا بەھرىلىنىش، ئورتاق گۈللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش- شىنجاڭ ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا شىنجاڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ ئەۋزەللىكى. شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت يازغۇچىلىرى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئەدەبىيات- سەنئەت ئىدىيەسىنى يەنىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىپ ۋە ھېس قىلىپ، مەدەنىيەت ئىشەنچىسى ۋە جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە بولغان تونۇشىنى مۇستەھكەملىشى، خەلقتىن، تۇرمۇشتىن ئۆگىنىپ، ئىزدىنىشكە، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىشى، شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى قېزىپ، شىنجاڭچە

ئالاھىدىلىككە ئىگە، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىك، ئاكتىپ ئېنېرگىيە تارقىتىدىغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، شىنجاڭ ئەدەبىياتىنىڭ ‹ئېگىزلىكتىن‹چوققا›غا ھالقىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.»

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى تيەن ۋېن مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ يازغۇچىلاردىن بۇ قېتىملىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، داڭلىق ئەسەرلەرنى ئوقۇپ، ئەسلىي ئەسەرلەرنى ئۆگىنىپ، ھەقىقەتلەرنى بايقىشنى ئۈمىد قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىشنى مەركەزنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش فاڭجېن ـ ئىستراتېگىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باش نىشانى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرۇشى، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ئۆگىنىش ئارقىلىق، خىزمەت يۆنىلىشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇقەددەس بۇرچىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. بىرىنچىدىن، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ، ‹يەتتە ئىگىلەش›كە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك: ‹جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە ئېھتىياجلىق›ئىكەنلىكىنى توغرا ئىگىلەش، ‹خەلقنى مەركەز قىلغان ئىجادىيەت يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش›نى توغرا ئىگىلەش، ‹جۇڭگو روھى ـ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ جېنى› ئىكەنلىكىنى توغرا ئىگىلەش، ‹مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىنىڭ مەركىزى ھالقىسى ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇش›نى توغرا ئىگىلەش، ‹يېڭىلىق يارىتىش ـ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ جېنى› ئىكەنلىكىنى توغرا ئىگىلەش، ‹ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش›نى توغرا ئىگىلەش، ‹پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ تۈپ كاپالىتى› ئىكەنلىكىنى توغرا ئىگىلەش لازىم. ئىككىنچىدىن، نۆۋەتتىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ساقلانغان مەسىلىلەرگە جىددىي قاراش كېرەك، شىنجاڭ كۆپ مىللەت يازغۇچىلىرى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە نىشاندىن قەتئىي ئاداشماسلىق، باش نىشانىنى چۆرىدەش، باش نىشانغا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش، باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا قەتئىي خاتالىق ئۆتكۈزمەسلىكى كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتلىرىنىڭ توغرا يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، باش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى روھىي ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەش، ئىجادىيەت مەيدانىنى مۇستەھكەملەپ، توغرا تارىخ قارىشى تۇرغۇزۇپ، ئەخلاق ـ پەزىلەتنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، جەمئىيەتنى يېتەكلەيدىغان نادىر ئەسەرلەرنى كۆپ ئىجاد قىلىش كېرەك.»

كۇرس جەريانىدا چۈشتىن بۇرۇن مۇتەخەسسىسلەر دەرس سۆزلىدى، چۈشتىن كېيىن گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ مۇزاكىرە قىلىندى. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئەدەبىيات تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەتقىقاتچىسى، جۇڭگو بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى بەي يې، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى تيەن ۋېيجاڭ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەتقىقاتچىسى ما پىنيەن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «ئەدەبىياتنىڭ يېڭى قىبلىنامەسى ۋە يېڭى فورماتسىيەسى»، «شىنجاڭ تارىخى ۋە مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات تارىخى»، «شىنجاڭدىكى دىنلارنىڭ ئۆزگىرىش تارىخى» قاتارلىق تېمىلاردا دەرس سۆزلىدى. گۇرۇپپىلار مۇزاكىرىسىدە كۆپچىلىك ئاكتىپلىق بىلەن سۆز قىلىپ، چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇردى.

خۇلاسە يىغىنىدا، ئەدەبىي تەرجىمان، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دىلمۇرات تەلئەت، «يېشىل شامال» ژۇرنىلىنىڭ ئىجرائىيە

uyghurkitap.com

مۇھەررىرى يېڭ جىڭيۇ، شائىر، «مىللىي يازغۇچىلار» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى ئاينۇر مەۋلۇتلار ھەرقايسى گۇرۇپپىلارغا ۋاكالىتەن سۆز قىلدى. ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى غەيرەت ئاسىم خۇلاسە سۆزى قىلدى. ئۇ ھەرقايسى مىللەت يازغۇچىلىرىنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىجادىيەتتە ساقلانغان مەسىلىلەرگە جىددىي قاراپ، باش نىشانىنى چۆرىدەپ، شىنجاڭ زېمىنىنى ياخشى يېزىشقا، شىنجاڭ ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەشكە، شىنجاڭنىڭ يېڭى ئوبرازىنى نامايان قىلىشقا، شىنجاڭ كۆپ مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ چوڭ تەرەققىياتىنى، چوڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى يېزىپ چىقىشقا چاقىرىق قىلدى.

خەۋەر ۋە سۈرەتلەرنى شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەمىنلىگەن

# ژۇرنىلىمىزنىڭ پېشقەدەم مۇھەررىرى ساتتار توختى ۋاپات بولدى



پېشقەدەم شائىر، يازغۇچى، تەھرىر ژۇرنالىست، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئاممىۋى مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى ساتتار توختى 2017 - يىل 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن 80 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى. ساتتار توختى 1937 - يىلى كۇچا ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1956 - يىلىدىن 1957 - يىلىغىچە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ سەنئەت ئۆمىكىدە مەخسۇس سەھنە ئەسىرى يازغۇچىسى ھەم ئۆمەك باشلىقى بولغان. 1957 - يىلىدىن 1960 - يىلىغىچە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپىدە ئىشلىگەن. 1960 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ ئاساسى بولغان «سەھنە ماتېرىياللىرى»، «ئاممىۋى كۇلۇب»، «ئاممىۋى مەدەنىيەت» قاتارلىقلاردا تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

يولداش ساتتار توختى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، خەتتاتلار ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتى بېيجىڭدا نەشر قىلىنغان «مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرى» قامۇسىدا تونۇشتۇرۇلغان. شېئىر، نەسر، داستان، دراما، ناخشا تېكستى، ئوچېرك، ئىلمىي ماقالە، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر 300 پارچىدىن ئارتۇق ئەسىرى ئېلان قىلىنغان. «ئىنتىپاقلىق كۈيى» ناملىق ناخشا تېكستى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق رادىيو - تېلېۋىزىيە نازارىتى، جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر تېكست» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

1985 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «سۆيگۈ» ناملىق بىرلەشمە شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان. 1987 - يىلى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «باغۇەن ناخشىسى» ناملىق شېئىر ۋە ناخشا تېكستلىرى توپلىمى نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ تېكستىگە ئاساسەن ئىشلەنگەن نۇرغۇن ناخشىلار ئەينى چاغدا ئەل ئىچىدە كەڭ تارقالغان. ئۇنىڭ «ياخشى كېلىن»، «ئانىنىڭ قايىللىقى»، «بايرام خۇشاللىقى» قاتارلىق درامىلىرى ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت يۇرتلىرى، سەنئەت ئۆمەكلىرى تەرىپىدىن سەھنىلەشتۈرۈلۈپ، ئاممىنىڭ ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولغان.

مەرھۇم ساتتار توختى يەنە «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (ئىككى قىسىم)، «باللار چۆچەكلىرى»، «ئالتۇن ئالما» قاتارلىق كىتابلارنىڭ تەھرىرلىكىنى ئىشلەپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرغان. «ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى»، «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى»، «بېيىتلار»، «باللار تېپىشماقلىرى»نى توپلاپ ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلدۇرغان. «ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان» ناملىق كىتابنى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمىگە ئۇيۇشتۇرۇش، تەھرىرلەش خىزمىتىنى تاماملىغان.

مەرھۇم 36 يىل ژۇرنال مۇھەررىرلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا، مۇھەررىردە بولۇشقا تېگىشلىك يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن بىزگە ئۇنتۇلماس ئۈلگە قالدۇرۇپ كەتتى، مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر قايغۇمىزنى بىلدۈرىمىز، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن سەممىي ھال سورايمىز.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

## مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ياشاش —
## «مەن تۇغقۇنۇم بىلەن ئەمگەك قىلىمەن» تېمىسىدىكى 3-قېتىملىق پائالىيەتتىن كۆرۈنۈشلەر

















سەمىمىي غەمخورلۇق — بارلىقىمىز بالىلار ئۈچۈن


《新疆文化》（维吾尔文）

综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅

主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所

编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部

国际标准刊号：ISSN1008-6498

国内统一刊号：CN65-1073/I

海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部

代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号

P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020, China

海外发行代号：6498BM

发行范围：国内外发行

地 址：新疆乌鲁木齐市新华南路11号万国大厦10楼

邮 编：830000 电话：（0991）2856942

印 刷：《新疆日报》印务中心

发 行：乌鲁木齐市邮局

订 阅：全国各地邮局

邮发代号：58-22 定价：8.50元

«شنجاڭ مەدەنىيتى» 2017 - يىلى 3 - سان (ئومۇمىي 345 - سان)

(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى

چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى

تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008-6498

مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65-1073/I

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب ئىمپورت - ئېكسپورت (گۇرۇھى) باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى

چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM

مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى شىنخۇا جەنۇبىي يولى 11 - نومۇر ۋەنگو سارىيى 10 - قەۋەت

پوچتا نومۇرى: 830000 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942

باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 - 58 باھاسى: 8.50 يۈەن



81-402